«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرىي ئەپكار
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

荣获《新疆期刊奖》的刊物

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى



3

2014

新疆文化

ISSN 1008-6498



•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

# رەسسام قەلىمىدە سەرخىللار



**تۆمۈر داۋامەت** (ماي بوياق) ..... شىنجاڭ كۆكلەم مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتىنىڭ
ھاۋالىسىگە ئاساسەن **ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك** سىزغان



(63 - يىل نەشرى)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئۇقۇشچانلىق

# 2014.3

(ئومۇمىي 327 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

ئاممۋى لۇشيەنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرايلى

## بۇ ساندا

**مەدەنىيەتتە ئەخلاقنىڭ گېپى**


بازار دەۋرى ئەخلاقنىڭ زاۋال دەۋرى ئەمەس ... نىغمەت غوجامبەردى 3


**يايان بىزنىڭ، تەپەككۇر سىزنىڭ**


نيۇيورك ئەسلىمىسى: بۈگۈن ئاخشام جۇدۇن بولىدۇ .....................
..................... زۇلپىقار بارات ئۆزباش 14


**«ئىلىماچىلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار**


خىيانەتچى ئەمەلدارلار قانچە ۋاقىتتىن كېيىن تۇتۇلۇۋاتىدۇ؟ ..............
جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇشاللىقىنى تارتىۋالغان زادى كىم؟ .............. 21


**دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە**


مالايشىيا ئەدەبىياتىدا چاقنىغان يۇلتۇز ...... ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر 38


**تەپەككۇر كۆزى**


تەپەككۇر مېۋىلىرى ........ تۇردى ئالاۋۇش، ئىمىن ھاشىم قاتارلىقلار 43


**ئەدەبىيات گۈلزارى**


سەدىرىدىنىنىڭ بوۋىسى ۋە باشقىلار... (ھېكايە) ...... تۇرسۇن مەھمۇد 51
ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى شېئىرلىرىدىن تاللانما ......... ئادىل تۇنىياز 69


**مەن كۆرگەن دۇنيا**


دېڭىز بويىدىكى نەم خىياللار .................... رۇقىيە ئابدۇللا 73


مۇقاۋىدا: ئۇنتۇلماس سىمالار --- سۈرەتلەرنى ئىمىرھەسەن، ئابدۇرېشىت سۇلايمانلار تەمىنلىگەن


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۈسۈپ
جاڭ خۇڭچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك
مۇھەررىرى ۋە
تېخنىكا دىرېكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# بازار دەۋرى ئەخلاقنىڭ زاۋال دەۋرى ئەمەس

نېمەت غوجامبەردى

**1. ھازىر بىز يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەت**

ئېلىمىزدە بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇنيا قارىشىمىز، قىممەت قارىشىمىز، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمىزدىمۇ يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىمىزدا، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتە يېڭى خىرىس ۋە سىناققا دۇچ كەلدۇق. چۈنكى مەنىۋى تۇرمۇشىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق كىلىماتى جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر قاتلاملىرىنىڭ نورمال پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر جەمئىيەت ياخشى خاراكتېرلىك ئەخلاق كىلىماتى — راستچىللىق، رەھىمدىللىك، گۈزەللىكتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ساختىلىق، رەزىللىك، سەتچىلىك يامراپ كېتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق كىلىماتىنى بۇزۇشى تۇرغانلا گەپ. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق كىلىماتى ھەربىر كىشىنىڭ بەختىگە، ھەربىر ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكىگە، ھەر بىر كارخانا ، ھەر بىر ئولتۇراق رايون، ھەر بىر شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئىناقلىقىغا ھەم تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، مىللەتنىڭ ئىناقلىقىغا، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ھەممە ئادەم بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگىلى، خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى ۋە ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەھەتتە دۇنيادا 2 - ئورۇنغا ئۆتتى. لېكىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىن بەكمۇ ئارقىدا سانىلىدۇ. مەسىلەن، غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەردە ھەر 3000 - 4000 ئادەمگە بىردىن كۇتۇپخانا توغرا كېلىدىكەن. دۆلىتىمىزدە ھەر 500 مىڭ كىشىگە بىر كۇتۇپخانا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، 500 مىڭ نوپۇسى بار ئولتۇراقلىق بىر شەھەردە بىرلا كىتابخانا بار دېگەن سۆز. غەرب ئەللىرىدە ھەرقانداق ئادەم ھەرقانداق شارائىتتا قولىدىن كىتاب چۈشۈرمەيدىكەن. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بىزنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالىرىمىزلا ئەمەس، خېلى تەربىيە كۆرگەن كادىرلارنىڭ 60% ى كىتاب ئوقۇمايدىكەن، بۇ يەردىكى تۈپ پەرق — ئىقتىسادتا ئەمەس، بىلىمدە.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇ-

**مەدەنىيەتتە ئەخلاقنىڭ گېپى**

رۇلۇشنى چىلىڭ تۇتۇش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى
ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش بولسا، ناھايىتى ئاقىلانە
پىكىر، نۆۋەتتە بىز ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ناھايىتى
چىڭ تۇتتۇق. ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش ۋە ئېكولوگىيەلىك قۇرۇلۇش جە-
ھەتلەردە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.
ئۆتكەن يىلى نامراتلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئوتتۇرا
كىرىمى 2300 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنى
مىسالغا ئالساق، 2012 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا شەخس-
لەرنىڭ بانكىدىكى خەلق پۇل ئامانىتى ئومۇمىي سوممىسى
500 مىليارد يۈەن بولۇپ بىر چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ
كەتتى. ئۆسۈش نىسبىتى %19.7تىن ئاشتى. دېمەك، بىز
ھازىر ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە تويۇنۇش باسقۇچىغا
كىردۇق. كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىككى ئاساسىي مەزمۇنى بار.
ئۇنىڭ بىرى ھاياتلىق ھوقۇقى، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇ
ھازىر كاپالەتكە ئىگە. يەنە بىرى، تەرەققىيات ھوقۇقى
بولۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئۇنىڭ بىر مەزمۇنى
بولۇپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئەخلاق ئاددىي تېما ئەمەس. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆ-
گەنگەن تۆت ئەمەلگە تايىنىپلا بىرەر نەتىجىگە ئېرىشكىلى
بولمايدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئىجتىمائىي كۆرۈنۈشى بار. ھازىر
دۆلىتىمىزدە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنىڭ جىددىي بۇرۇلۇش تا-
رىخىي پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي جەمئى-
يەت يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ
بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچلىرى بار. تەرەققىيات
نىشانىمۇ ناھايىتى ئېنىق. يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي
ئەخلاق جەھەتتە ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئىللەتلەر ۋە نۇق-
سانلار يامراپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق تەرەققىيات
كۆرسەتكۈچىمۇ يوق، نىشانىمۇ ئېنىق ئەمەس، خۇددى
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا شوئار توۋلاۋاتقاندەكلا
ئەھمىيەتسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بې-
سىمى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، خېيىم ـ خەتىرى كۆپىيىۋاتىدۇ.
ھەرخىل يوشۇرۇن ھالەتتىكى قائىدە ـ يوسۇنلار باش كۆتۈ-
رۈۋاتىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم سەر-
خىللارنىڭ رولى كۆنسېرى ئاجىزلاپ مەلۇم دەرىجىدە
سەلبىي رول ئويناۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا
پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئادىمىلىك روھى ۋە ئەخلاق تەربىيە-
سى ئاجىزلاشتى، بۇ بىزدىن نۆۋەتتە ئەخلاق توغرىسىدا
بىر مەيدان كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەن بەزىدە شۇنداقمۇ ئويلاپ قالىمەن. كىشىلىك
ھايات ئادەمىلىك تۇرمۇش بىلەن ھايۋانىي تۇرمۇش ئوتتۇ-
رىسىدىكى بىر ئۆتەڭ ياكى بىر تاللاش بولۇشى كېرەك. رى-
ۋايەت قىلىنىشىچە، خۇدايىم پەرىشتىگە ئەقىل، ھايۋانغا
جىسىم بەرگەن. ئەمما ئادەمگە ھەم ئەقىل، ھەم جىسىم بەر-
گەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر ئادەمدەك ياشىشى
كېرەك. لېكىن ئادەملەر ئارىسىدا ھايۋانىي تۇرمۇشقا يېقىن
ياشايدىغانلارمۇ ھەم بار. ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇغما ئىستىكىدى-
كى ساددىلىق ۋە پاكلىقنى بۇلغاپ، بازارنىڭ مەنىۋى مەنپە-
ئەتىگە ھەۋەس قىلىپ، ئادەملىك ئەخلاق ـ پەزىلەتكە زىت
كېلىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، جەمئىيەتكە ئاپەت
كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بولسا ئەمەلدارلار، بە-
زىلىرى بولسا سودىگەرلەر، يەنە بەزىلىرى بولسا كەسپىي
خادىملار ياكى ئادەتتىكى پۇقرالاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئورنى، ۋەزىپىسى، سالاھىيىتى، كەسپى ۋە مەدەنىيەت
سەۋىيەسى ئوخشاش بولمىغىنى بىلەن، جەمئىيەتتىكى زىيان-
لىق قىلمىشلاردا مەلۇم ئورتاقلىق تەرەپلىرى بار. ئۇلارنىڭ
دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى
ئوخشاش. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە زىيان سېلىش قىلمىشلىرى-
نىڭ خاراكتېرىنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ.

مەن ھەممە ئادەمنىڭ بىر مۇرىسىدە پەرىشتە، يەنە بىر
مۇرىسىدە شەيتان ئولتۇرىدۇ دەپ ئاڭلىغان. پەرىشتە
بولسا، ھەردائىم ئادەملەرنى خۇشاللىق، تىنچلىق، سۆيگۈ،
ئۈمىد، مەسئۇلىيەت، خاتىرجەملىك، كەمتەرلىك، رەھىمدىل-
لىك، كەڭ قورساقلىق، دوستلۇق، ھېسداشلىق، مەردلىك،
ھەققانىيەتچىللىككە ۋە ساداقەتمەنلىككە دەۋەت قىلىدىكەن.
شۇنىڭ بىلەن ئادەم رەسمىي ئادەم بولىدىكەن. ئەمما
شەيتان بولسا، ھەر دائىم ئادەملەرنى ۋەھىمە، رەنجىش، ئا-
زابلىنىش، ئۆچمەنلىك ، تاماخورلۇق، مەغرۇرلۇق، ئادا-
ۋەت ساقلاش، ئۆزىنى كەمسىتىش، يالغانچىلىق، چەكتىن
ئاشقان شەخسىيەتچىلىككە باشلايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن بىر
قىسىم ئادەملەر ئادىمىي ھايۋانغا ئايلىنىدىكەن، پەرىشتە
بىلەن شەيتان ئادەملەرنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئۆز
ئارا ئېلىشىپ ۋە سىنىشىپ تۇرىدىكەن. يىغىنچاقلاپ ئېيتقان-
دا، مۇددىئايىڭ، سۇبيېكتىپ سەۋەب، دۆلەتنىڭ ئاشكارا

قانۇن-تۈزۈملىرى بولسا ئوبيېكتىپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. تاشقى ئامىللار ئىچكى سەۋەبلەر ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. توخۇ قانچىلىك ئىقتىدارلىق بولسىمۇ، تاشتىن جۈجە چىقىرالمايدۇ-دە!

**2. ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەخلەتلىرى**

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى سادىر قىلىۋاتقان ئادەملەر بەش تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتەيلى.

1) بىر قىسىم خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلار

2013-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، 2013-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش تارماقلىرى تەرىپىدىن ناھىيە باشقارما دەرىجىلىك كادىرلاردىن 4699 ى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جازالىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 961 ى ئەدلىيە، سوت تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلۇپتۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە چەت ئەللەردە قانۇن تورىدىن قېچىپ يۈرگەن خىيانەتچى ئەمەلداردىن 4547 سى ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن ئورنىتىلغان ئەدلىيە مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق قولغا چۈشۈپتۇ. 2013-يىلى 1-ئاينىڭ 19-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سوت يىغىنىدىن ئىگىلىنىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق يەر بايلىقى نازارىتى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ سابىق شۇجىسى ۋاڭ ۋېيبو، غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى چياۋ باۋخۇا قاتارلىقلارنىڭ خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش دېلوسىدىن 2238 ى پاش بولۇپ بىر تەرەپ قىلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى بۇزۇلۇپلا قالماستىن، تۇرمۇش ئىستىلىدىمۇ ئېغىر مەسىلىلەر سادىر بولۇۋاتىدۇ. ئىشەنچلىك خەۋەرلەردىن قارىغاندا، 2012-يىلى ئاشنا تۇتۇپ جەمئىيەتكە ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن 20 نەچچىسى بىر تەرەپ قىلىنغان، مەركىزىي تەرجىمە-تەھرىر ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى لى يۈنچىڭ شۇنىڭ بىر مىسالى.

ئۇلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شۇنچە تەربىيەلەپ زور ئىشەنچ بىلەن ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسە، ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلىپ، دۆلەت قانۇنى ۋە پارتىيە سىياسەتلىرىگە پىسەنت قىلماي، يەڭ ئىچىدە ھوقۇق سودىسى قىلىپ، تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ، ئۆز مەنپەئىتىگە چوغ تارتىپ، نېمە ئۈچۈن خەلق مەنپەئىتىگە زىيان سالىدۇ؟! يەنە نېمە ئۈچۈن يالغان كىملىك، يالغان نوپۇس، يالغان پاسپورت ياسىتىپ، مىليونلىغان، ھەتتا 100 مىليونلىغان پۇلغا خىيانەت قىلىپ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەت ئەلگە قاچىدۇ؟! ئۇلاردا زادى نېمە كەم؟!

جاھاندا سەۋەبسىز ئىش يوق. مېنىڭچە بىرىنچىدىن، ئۇلار ئادەتتە ھوقۇق ۋە پۇلغا بېرىلىپ كېتىپ ئۆگىنىش قىلىشنى خالىمايدۇ. ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ رەڭگارەڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىرادىسى بوشاپ، «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى»غا بەرداشلىق بېرەلمەي، پارتىيەۋىلىك مەيدانى ۋە دۆلەت كادىرى سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەنپەئىتى خەلق مەنپەئىتى بىلەن زىچ باغلانمىغان. ئۇلارنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى، يۆتكىلىشى ۋە تەڭشىلىشى خەلق بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇڭا يۇقىرىغا يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆز بويامچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. خەلق ئالدىدا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئۇلار كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. كەسپ مىزانى، خىزمەت، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، كادىرلارنىڭ مەجبۇرىيىتى دېگەندەك ھەر خىل مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، نىزاملارنى قەغەزگە يېزىپ، چىرايلىق بېزەپ، ئۇيەر، بۇيەرگە چاپلاپ قويىدۇ-دە، ئىش تامام، ۋەسسالام. بۇ ئىشلارنى شەكىلگە قىلىدۇ، مەزمۇنىغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تەكشۈرۈشلەرنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. شامال توختىغاندىن كېيىن، ھەممە ئىش يەنە ئىزىغا چۈشىدۇ؛ بەشىنچىدىن، خىزمەتلەردە تەشەببۇسكار ئەمەس. ئىجادىي ئەمگەك قىلىشنى خالىمايدۇ. دەرىجىمۇدەرىجە بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ، چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىدۇ، ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرىدۇ. ئەمما ئاممىۋى سورۇنلاردا، ھەر خىل پائالىيەتلەردە، مۇخبىرلارنىڭ زىيارەتلىرىدە باشقىچە جانلىنىپ كېتىدۇ، ھەرقانداق ئۆزىنى كۆرسىتىش پۇرسەتلىرىنى قولدىن بەرمەيدۇ.

2) بىر قىسىم نائىنساپ سودىگەرلەر ۋە كارخانىچىلار

ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش جىددىي كېڭەيتىلمەكتە. بۇ رۇنىقى ناتوغرا ئىگىلىككە ماسلاشقان بىر قولدا پۇل بېرىپ،

بىر قولدا مال ئالىدىغان سودا شەكلىنىڭ ئورنىغا، تاۋار ئوبوروتى بىلەن مەبلەغ ئوبوروتىنى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن ئايرىلغان يېڭى سودا شەكلى دەسسىدى. بۇ خىل سودا شەكلى بازار ئەخلاقى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ. غەرب ئەللىرىدە بىرەر قول ئىشارىتى ياكى كۆز ئىشارىتى بىلەن نەچچە 10 مىليون قىممىتىدىكى سودىنى پۈتتۈرىدىكەن. ئاشۇ ئاددىي ئىشارەتتىن چېنۋالىدىغان، تېنۋالىدىغان ئادەم چىقمايدىكەن. چۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىناۋەت 1 - ئورۇنغا قويۇلۇپ سەممىي بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش ئەڭ ياخشى تاللاش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن مەملىكىتىمىزدە ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن «ئورۇق گۆش جەۋھىرى» ۋەقەسىدە سودا ئەخلاقىدىكى ئىللەتلەرنى ئاشكارىلاپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى جىسمىنى چىرىتىدىغان زىياندىش بولدى. دۆلىتىمىز 500 كۈچلۈك كارخانىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان «ئۈچ بۇغا» گۇرۇھى شىركىتى باللارنىڭ ساختا سۈت پاراشوكىنى ئىشلەپچىقىرىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى ئېغىر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ لىدىرى، باش دىرېكتورى ۋە پارتكوم شۇجىسى تيەن ۋېنخۇا قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ جازالاندى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن بۈگۈن مەملىكەتتىكى باللار سۈت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىدىغان 175 كارخانىنىڭ 66 سى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى. قالغان 109 ى بىر چەتتىن قاتتىق تەكشۈرۈلدى. يېقىنقى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزدىكى بىرقىسىم كارخانىچىلار ئىناۋەتنى 1 - ئورۇنغا قويۇپ، سەممىي سودا قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن يىلىغا 500 مىليارد يۈەن ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىپتۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىناۋەت ۋە سەممىيەت ئاساسىدا قۇرۇلغان بازار ئىگىلىكى ئۆزىگە خاس ئەخلاق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى، نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن، بەلكىم بىر قانچە ئون يىل، ھەتتا 100 يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. دۆلىتىمىزدە «جىرىم ئون يىلدا دەرەخ بولىدۇ، ئادەم 100 يىلدا ئادەم بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. سودىگەرلەر ۋە كارخانىچىلار ئۆز نۆۋىتىدە بازار مەدەنىيىتىنى، ئەخلاقىنى ياراتقۇچىلار ۋە تارقاتقۇچىلاردۇر، شۇنداق ئىكەن ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى ۋە مەجبۇرىيەتنى تونۇشى لازىم.

3) بىر قىسىم شەخسىيەتچى دۆلەتمەنلەر

دۆلىتىمىزنىڭ ئېتىبار سىياسىتى بىلەن ھەقىقەتەن بىر قىسىم رايونلار، بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋۋال بېيىدى. 2012 - يىللىق سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ھازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 10 مىليون يۈەن مەبلىغى بار باي دۆلەتمەنلەردىن 960 مىڭى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە 100 مىليون يۈەن مەبلىغى بار كاتتا باي دۆلەتمەنلەر 60 مىڭدىن ئاشىدىكەن. ئاپتونوم رايونىمىزدا 10 مىليون مەبلىغى بار باي دۆلەتمەنلەر 3000 دىن ئاشقان. ئۇنىڭ ئىچىدە كاتتا باي دۆلەتمەنلەر 240 تىن ئاشىدىكەن. بۇ بايلار دۆلىتىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا زور تۆھپىلەرنى ياراتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسراپخور، يۇقىرى ئىستېمالغا ئادەتلەنگەن، ئۆزىنىڭ بايلىقىنى خەلقئالەمگە كۆز - كۆز قىلىشقا ئامراق بايۋەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، يېقىندا شياڭگاڭلىق كاتتا باي لى جاۋجىڭنىڭ 2 - بايۋەتچىسى لى جياچېڭ شياڭگاڭلىق ئاتاقلىق ئارتىس شۇ زىچى بىلەن توي قىلدى. ئۇلارنىڭ تويى دۇنياغا داڭلىق ئاۋسترالىيەنىڭ سىدنىي تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن. لى جياچېڭنىڭ لايىقىغا ئالغان ئالماس ئۈزۈكىنىڭ ئۆزىلا 30 مىليون يۈەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا سوۋغاتقا 100 مىليون يۈەن خەجلەنگەنىكەن. ئۇلار ئىشلەتكەن خۇسۇسىي ئايروپىلاننىڭ قىممىتى 274 مىليون ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تويىغا خەجلىگەن پۇل سوممىسى 700 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. بىر جۈپ ياشنىڭ توي مەرىكىسى ئۈچۈن 700 مىليون يۈەن خەجلەش دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان «مۆجىزە» بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ تېخى 100 مىليون نامرات دېھقان (يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2300 يۈەندىن تۆۋەن) ياشاۋاتقان بۈگۈنكى جۇڭگودا مۇنداق «مۆجىزە»نىڭ يۈز بېرىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. نېمە ئۈچۈن دۆلىتىمىز ئاۋۋال بېيىغان دۆلەتمەنلەر ئىچىدىن دۇنياغا داڭلىق ئامېرىكىلىق كاتتا باي كەينىسىدەك بۈيۈك ساخاۋەتچىلەر چىقمايدۇ؟! نېمە ئۈچۈن دۇنياغا داڭلىق بايلار سورۇنى دۇبەي مېھمانسارىيىدا ھۇزۇرلىنىۋاتقانلارنىڭ 60% ى جۇڭگولۇق بايلار بولىدۇ؟! دۆلىتىمىزنىڭ 5000 يىللىق شانلىق مەدەنىيەت تارىخىدا باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئەلا بىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا دائىر ھېكمەتلەر ئاز

ئەمەسمۇ ؟! ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش بىز ئەۋلادلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ئەمەسمۇ ؟!

4) بىر قىسىم ساپاسىز كەسپىي خادىملار

هازىر جەمئىيىتىمىزدە خېلى كۆپ قىسىم كەسپىي خادىملارنىڭ ئادىمىيلىك ۋە كەسپىي روھى خۇنۇكلەشتى. بۇ خۇنۇكلەشكەن روھلار، نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ زەئىپلىشىۋاتقان ئىچكى دۇنياسىنى ۋە تەپەككۇرىنى تىزگىنلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بەرگەن كەسپىي خىزمەت هوقۇقىنى خەلقنىڭ هاجىتىنى، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە چوغ تارتىش ۋاستىسى قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم دوختۇرلار، سوت ئورۇنلىرىدىكى خادىملار، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى خادىملار، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى خادىملار هەم باشقا هەر خىل كەسپلەردىكى مەسئۇل خادىملار بۇ ئىشنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپىي خىزمىتى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان هاجەتمەنلەرنىڭ جان- مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار «قىزىل بولاق»تىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. بەلكى بازارنىڭ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئالاهىدە ئىمتىياز قىلىۋېلىپ، ئەيمەنمەستىن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ. شۇ ئارقىلىق هۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىۋاتىدۇ، بۇ ئەهۋالنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

ئۇلار جەمئىيەتتىكى ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان هەر بىر كەسپنى ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، جان بېقىش يولىنى «تاماق قاچا»مىز دەپلا تونۇماستىن، ئۇنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئەخلاق- پەزىلەت سىرىنىمۇ بىلىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئەخلاق- پەزىلەت يولۇچىلار ئەخلاقى (ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان كىشىلەرگە سەدىقە بېرىش) ئەمەس، بەلكى كەسپ ئەخلاقىدۇر.

هەر بىر كەسپىي خادىم ئۆزىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنىڭ هۆددىسىدىن چىقىشى، كەسپىي مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى، كەسپىي ئەخلاقنى ئاشۇ «مەسئۇلىيەت»، «مەجبۇرىيەت»لەرنى ئۆلچەيدىغان ئادىل تاراز قىلىشى لازىم ئىدى.

5) بىر قىسىم ئاڭسىز پۇقرالار

ب. د. ت مەدەنىيەت مائارىپ مەھكىمىسى 21- ئەسىرنىڭ باش تېمىسىنى «باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش» دەپ بېكىتكەن. بۇ هەم ئادىمىي روھ، ئەخلاق مىزانى. بۇنىڭغا نىسبەتەن دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناسى جى مولىن ئەپەندى: «60% باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، 40% ئۆزىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەملەر باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم هېسابلىنىدۇ» دېگەن. كېيىنچە دۆلىتىمىزدە يەنە بىر ئالىم، ئاكادېمىك بۇ ئەخلاق ئۆلچىمىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ: «باشقىلارغا ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلگەن ئادەم، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم هېسابلىنىدۇ» دېدى. باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى مۇشۇ نۇقتىدىنمۇ چۈشىنەلمەيدىغان، باشقىلارغا پەرۋاسىز قارايدىغان، بەھۇدە ئاۋارىچىلىكلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان، هەتتا باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشى بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان سوغۇققان كىشىلەرمۇ ئارىمىزدا خېلى بار. «سەھەر گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا، 2010- يىلى 12- ئاينىڭ 29- كۈنى فۇجۇ شەھىرى كوچىسىدا 80 ياشلىق بىر بوۋاي يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنىدىن تۇرالمىغان، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئەتراپىدا 15 تىن ئارتۇق ئادەم (كۆپىنچىسى ياشلار) توپلىشىپتۇ. (خەۋەر رەسىملىك بېسىلغان) لېكىن بىر ئادەممۇ بېرىپ ئۇ بوۋاينى يۆلەپ قويماپتۇ، دوختۇرغا ئاپىراي دېمەپتۇ. ئۆزلىرىچە مۇلاھىزە قىلىشىپ، ئۇ بوۋايغا قول ئۇچىنىمۇ تەگكۈزمەپتۇ. هېلىقى يېگانە بوۋاي ئاخىر سوغۇق يەرنى قۇچاقلىغان پېتى جايىدا تىنىقىدىن توختاپتۇ... بۇ ئەهۋال هەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسىنى قاتتىق چۆچۈتۈپ، چوڭقۇر ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. هېلىقى بوۋاينىڭ ئۆلۈپ قالغىنىنى كۆرگەن «تاماشىبىنلار»نىڭ ئاتا- ئانىسى يوقمىدۇ ؟! ئەگەر هېلىقى بوۋاي ئاشۇ توپتىكى بىرەرسىنىڭ ئاتا- ئانىسى بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان بولاتتى. ئۇنىڭ شۇنچە ئادەم قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، بوۋاي ئۆز ئادىمى بولماي، باشقا ئادەم بولۇپ قېلىشى بولدى. باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش شۇنچىلىك تەسمىدۇ ؟!

3. ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ هېكمەتلىرى

بىرىنچى، ئەخلاقنى بىلىش، ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ ئاساسى

خۇددى هاۋاغا ئوخشاش ئەخلاق — ئادەملەر ياشا-

ۋاتقان بوشلۇقتا مەۋجۇت بولىدۇ. ياشاش ئۈچۈن ئۇ ھەر بىر ئىنسانغا تولىمۇ قىممەتلىك. لېكىن تۇرمۇشتا ئادەم تەسەۋۋۇر قىلمىغان ھەر خىل ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، توغرا چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان بىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى بىر كۈنى 300 يۈەن قىممىتىدىكى بىر يانفوننى يىتتۈرۈپ قويۇپ، مەكتەپنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە ئىزدەش ئېلانى چاپلاپتۇ. ئەتىسى بىر ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ يانفوننى تېپىۋېلىپ ئەكىلىپ بېرىپتۇ. بۇ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۇ ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىغا: «ئۇنچىلىك تەكەللۇپ قىلىپ كەتمە، بۇ سىنىڭ يانفونۇڭ، ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بەردىم شۇ» دەپلا كېتىپ قاپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى مەكتەپ خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ 30 ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى جەرىمانە ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. چۈنكى مەكتەپنىڭ تۈزۈمى بويىچە، مەكتەپ ئىچىدىكى ھەرقانداق يەرگە ئېلان خاراكتېرلىك تەشۋىقات ۋەرەقى چاپلىسا جەرىمانە قويۇلىدىكەن. ھېلىقى جۇڭگولۇق بالىنىڭ ھەيران بولغىنى، بۇ ئەھۋالنى مەكتەپكە مەلۇم قىلغان كىشى دەل ھېلىقى يانفوننى تېپىپ بەرگەن ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچى ئىكەن. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى بۇ ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچى ئىككى مۈرىسىنى يېنىك چىقىرىپ قويۇپ، خاتىرجەم ھالدا: «مېنىڭ مۇنداق قىلغىنىمنىڭ نەرى خاتاكەن؟! يانفونۇڭنى تېپىپ بەرگىنىم بىر ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. شۇنىڭغا ئوخشاش، مەكتەپكە سىنىڭ ئېلان چاپلاش ھەرىكىتىڭنى پاش قىلىپ قويۇشۇممۇ ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغداش ئۈچۈن. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى شۇنچىلىكلا ئاددىي، مېنى خاتا چۈشەنمە...» دەپ كېتىپ قاپتۇ. دېمەك، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، بىرەر ھاجىتىدىن چىقىش بىر خىل ئەخلاق، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى پاش قىلىش، چەكلەش، ئۇمۇ بىر خىل ئەخلاق. بۇ ئىشنىڭ بىر ئادەمدە سادىر بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەخلاقنى بىلىش، ئەخلاقنىڭ مىزانىنى چۈشىنىش كېرەك، بۇ ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ ئاساسى.

**ئىككىنچى، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ياخشى ئادەم بولۇش تەس ئەمەس**

مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان چېغىمدا سىنىپ دوسكىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئېنىق قىلىپ: «ئوقۇتقۇچىلارغا ياردەملىشىپ، دوسكا ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇماڭلار» دېگەن ئېلاننى بايقىغانىدىم ھەم بالىلارنىڭ ئانچە-مۇنچە دوسكا ئۆچۈرۈشكەنلىرىنى كۆرەتتىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ كۆرگەنلىرىمنى دەرس ئۆتكەن سىنىپلاردا كېڭەيتمەكچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن دوسكا ئۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمىدى، بۇنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆردۈم. بىر قىسىم ساۋاقداشلار ماڭا: «مۇئەللىم بىزمۇ دوسكا ئۆچۈرۈشنى خالايمىز، بىراق بەزى ساۋاقداشلار توغرا چۈشەنمەيدۇ. ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر قويۇپ قويارمىكىن دەپ، مۇئەللىمنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈۋاتامسەن، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. شۇڭا دوسكا ئۆچۈرۈشكە قولىمىز بارمايدىغان بولۇپ قالدى» دېدى. كېيىن مەن «دوسكا ئۆچۈرۈشتىن ئويلىغانلىرىم» تېمىسىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ، مەكتەپ خەنزۇچە گېزىتىدە ئېلان قىلدىم. بۇ ماقالەم مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، پۈتۈن مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، بىراق بۇ دولقۇن ناھايىتى تېزلا ئاخىرلاشتى. ھەممە ئىش يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆز پېتىچە داۋام قىلدى. بۇ ئىشلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا بەزەن ساۋاقداشلار يولدا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن كىشىلەرنى يۆلەپ قويسا، ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارغا چۈشكەن چوڭلارغا دەرھال ئورنىنى بوشىتىپ بەرسە، بۇنى كۆرگەن بىر قىسىم بالىلارنىڭ تىرىك لېي فېڭلارمۇ بار ئىكەندە، دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاچچىق بولىدى. بۇ خىل سوغۇق مۇئامىلە مېنى ئويغا سالدى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەرنى بۇ ساۋاقداشلار قىزغىن قوللاپ، ئۆزىگە ئۈلگە قىلماقتا يوق، بىمەنە مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈشىدۇ؟! نېمىشقا ماددىي مەدەنىيەت شۇنچە تېز، شۇنچە ياخشى تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە مەنىۋى مەدەنىيەت شۇنچە تېز، شۇنچە كۈچلۈك كەينىگە چېكىنىپ كېتىدۇ؟! ياخشى ئىش قىلماق شۇنچە تەسلىشىپ قالدۇ؟! تۈپكى سەۋەب، ياخشى ئىش قىلىدىغانلارنى قول-

لايدىغان ئادەملەر ئاز. يامان كىشىلەرنى توسۇيدىغانغا ئادەم تېخىمۇ ئاز، قىسقىسى، ئوغرىنى كۆرۈپ كۆرمەسكە سالىمىز، توغرىنى كۆرۈپ مۆرىمەسكە سالىمىز. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ كارى يوق. پۈتۈن جەمئىيەتتە مۇشۇنداق بىر ئوبدان ئىجتىمائىي ئەخلاق كەيپىياتى شەكىللەنمىسە «ئىناق جەمئىيەت»نى، «دوستانە جەمئىيەت»نى ھەممە ئادەمنىڭ بىر «ئورتاق ئائىلىسى»نى قانداق قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولسۇن؟! بىز 2020-يىلى ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىغا ئاز قالدۇق. لېكىن ئەخلاق نىشانىدىن خېلىلا يىراق. رۇسىيەدە ئوقۇغان چېغىمدا، ماڭا ئەڭ بەك تەسىر قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى، ناتونۇش يولۇچىلارنىڭ ناتونۇش كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى بولدى. بارىدىغان يېرىڭىزنى تاپالماي يول ئۈستىدە بىردەم تۇرۇپ قالسىڭىز، سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىزنى بايقاپ، ناتونۇش يولۇچىنىڭ بىرى دەرھال ئالدىڭىزغا كېلىپ: «ياردىمىم كېرەكمۇ؟!» دەپ سوراپ، سىزگە بارماقچى بولغان ئورنىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. ئەگەر سىز يەنىلا ئېنىق بىلەلمىسىڭىز، ئۇ يولۇچى سىزگە يول باشلاپ، ئورنىڭىزغا ئەكىلىپ قويۇپ ئاندىن قايتىدىكەن، مانا بۇ ئەخلاق تەربىيەسى، مانا بۇ باشقىلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈش ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاقى بار، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەن ئادەم، ئەلۋەتتە ياخشى ئادەم. ياخشى ئادەم بولماق نېمە ئۈچۈن قىيىن؟! باشقىلار قىلالىغان ياخشى ئىشنى نېمە ئۈچۈن بىز قىلالمايمىز؟ بىزمۇ قىلالىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمىسە مەسىلە نەدە؟ كېسەل نەدە؟ بىزدە ئاشۇ ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەرنى قوللايدىغان، ئالقىشلايدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات كەمچىل، بىر قىسىم كىشىلەردە يول سورىسا پۇل سورايدىغان پۇلغا چوقۇنۇش ئىدىيەسى ئېغىر، پۇلنى ئەخلاقتىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، شۇڭا خالىسانە ياردەمگە ئانچە قىزىقمايدۇ، ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئانچە قىزىقمايدۇ؟ خەۋەرلەردىن قارىغاندا، مەلۇم بىر شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغان يولۇچىلار، ياشانغانلار، مېيىپلەر، ئېغىر ئاياغ ئاياللار، بالا كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەر ۋە ئاجىزلارغا ئورۇن بەرسە پۇل بېرىدىغان تۈزۈم چىقىرىپتۇ. بۇنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ئەگەر ھەممە ياخشى ئىشقا پۇل بېرىدىغان ئىش بولسا، ئەخلاق تاۋارغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئادىمىيلىك نەدە قالدۇ؟ بەلكىم ھېلىقى شىركەتنىڭ چىقارغان «يېڭى تۈزۈمى» ئامال يوقنىڭ ئامالى بولسا كېرەك. لېكىن ئىنچىكە ئويلاپ باقساق بۇنىڭ ئامالى يوق ئەمەسقۇ، ھەممە ئادەم ئاپتوبۇسقا چىققاندا ئۆزىنى ھېلىقى ياردەمگە موھتاج بەش خىل كىشىلەردەك ھېس قىلسا، چۈشەنسە مەسىلە چوقۇم ھەل بولىدۇ، ياخشى ئادەم بولۇش تەس ئەمەس، ياخشى ئادەم بولۇش پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق.

### ئۈچىنچى، ئەخلاق كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ، ھەر بىر قاتلامنىڭ تەلىپى ئۆزگىچە

ئەخلاقنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەخلاق قاتلاملىرى بولىدۇ، ھەر بىر ئەخلاق قاتلىمىنىڭ ئۆزگىچە تەلىپى بار. بۇنىمۇ ئىلمىي قاراش بىلەن بايقاپ، ئىنچىكە كۆزىتىپ ئايرىش كېرەك. ئەخلاقنىڭ بىرىنچى قاتلىمى بولسا، ھەممە ئادەم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك، تەبىئىي مەجبۇرىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان سالماسلىق، جانىۋارلارنى خارلىماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىناخورلۇق قىلماسلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئەخلاقنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلسىڭىز، دېمەك، سىزنىڭ بىر ئاددىي-ساددا ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەخلاقنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرى بولسا، جەمئىيەتتىكى قانۇن-تۈزۈملەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان گىراجدانلىق مەجبۇرىيەت ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، دۆلەت قانۇنىغا، جەمئىيەتتىكى تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى توسۇش، ئۆزىنىڭ گىراجدانلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت. ئەخلاقنىڭ ئۈچىنچى قاتلىمى ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرى بولسا، ھەرقايسى كەسىپلەرگە خاس مەسئۇلىيەت ۋە ئەخلاق بەلگىلىمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كادىرلار ئەخلاق مىزانى، ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاق مىزانى، ئوقۇغۇچىلار ئەخلاق مىزانى، دوختۇرلار ئەخلاق مىزانىدىن ئىبارەت ھەر بىر كەسىپ ئەخلاق مىزانىنى كۆرسىتىدۇ، ئالدىدىكى ئىككى خىل ئەخلاق مىزانى ئاساس، كېيىنكىسى قوشۇمچە بولىدۇ، پەقەت ئاساس پۇختا بولسا، قوشۇمچە ئەخلاق مىزانىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

نۆۋەتتە مۇنداق بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى-

مىزغا توغرا كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى تەلىپىنى ئورۇندىيالمىدىم دەپ، ئەخلاقنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىدىكى تەلەپلەردىنمۇ ۋاز كېچىپ، بىراقلا يامان ئادەم بولۇپ كېتىش. بۇ خىل تاللاش بەك ناچار تاللاش ھېسابلىنىدۇ، خۇددى گېنېرال بولالمايمەن دەپ جەڭچىلىكتىن ۋاز كەچكەندەك، ئالىم بولالمايمەن دەپ ئۆگىنىشتىن ۋاز كەچكەندەك بىمەنىلىك بولىدۇ.

ئەخلاقنىڭ خاسلىقىمۇ بولىدۇ، ئورتاقلىقىمۇ بولىدۇ، شەخسىي ئەخلاقمۇ بولىدۇ، ئاممىۋى ئەخلاقمۇ بولىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلىشى، ئەخلاققا رىئايە قىلىش ئاڭلىق بولۇشى كېرەك. تۈزۈم، سىياسەت قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بويسۇندۇرۇلغان ئەخلاقنىڭ ئۈنۈمى، ئاڭلىق رىئايە قىلغاننىڭ ئۈنۈمىگە يەتمەيدۇ، ئادەم، ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەخلاقتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىكى لازىم.

## تۆتىنچى، قانۇن-تۈزۈم تاشقى ئامىل، ئەدەپ-ئەخلاق ئىچكى سەۋەب

ئۆتكەن يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي-قانۇن يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا قانۇن ئاساسىدا ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق ئاساسىدا ئىدارە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىدى.

بازار ئىگىلىكى قانۇن-تۈزۈملۈك ئىگىلىكتۇر، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ھەممە ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. بۇ زىل مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىشتا ، غەربتىكى ئەللەر مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈمگە تايىنىشتىن سىرت، دىنىي ئەقىدە، ئادىمىيلىك روھ ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھېكمەتلىرىگە تايىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق بازار خاھىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدا، ئۆز-ئۆزىنى ئىستىخىيەلىك تەڭشەپ تۇرىدىغان بىر پۈتۈن مېخانىزم تۇرغۇزۇپ، بىر تەرەپتىن بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئاڭلىق ھالدا بازار قانۇن-تۈزۈمگە رىئايە قىلىشقا دەۋەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي ئەقىدە، ئادىمىيلىك روھ ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قائىدىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەخلاق-پەزىلەت قائىدىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش جەھەتلەردە غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرى-

شىپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ بىر ئوبدان ئىجتىمائىي كىلىماتنى ياراتتى.

بىزنىڭ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، غەربنىڭ بەزى باشقۇرۇش ئەندىزىلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىشىمىزگە بولمايدۇ. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: «سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل». بۇ ھېلىھەممۇ بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمىمىزنىڭ يادروسى، قانۇن-تۈزۈم تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كادىرلار ئورنىنىڭ ۋە رولىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ھەل قىلغۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، لېكىن رەھبىرىي كادىرلارمۇ، كەسپىي خادىملارمۇ ھەممىسى ئادەم، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى بار، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدىغان ۋاقىتلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن-تۈزۈملىرىمىز تېخى مۇكەممەل ئەمەس، نۇرغۇن يوچۇقلار بار، ئۇنى ئىجرا قىلىش جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن بوشلۇقلار بار. قانۇن-تۈزۈملەر مۇكەممەللىشىپ كەتتى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەتلا تاشقى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ رولى ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئاڭ سەۋىيەسى، خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىق ئىچكى سەۋەبلەر ئارقىلىق رول ئوينايدۇ.

يېقىنقى يىللاردا بىر قىسىم ئەمەلدارلار، دۆلەت خادىملىرى، كارخانا خوجايىنلىرى ئىچىدە قەسەم قىلىش رەسمىيىتى كۆپىيىپ قالدى، قەسەم قىلىش بولسا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جۈملىسىگە كىرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئاۋۋال چوقۇم ئېتىقاد بولۇشى كېرەك. قەسەم شۇ ئېتىقادقا قارىتا بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا كۈنىگە نەچچە قېتىم: «پارتىيە ۋە خەلققە سادىق بولىمەن، كەسپىمگە مەسئۇلىيەتچان بولىمەن، بىر ئۆمۈر پاك-دىيانەتلىك بولىمەن» دەپ قەسەم قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، خۇبېي ئۆلكىسى جەنلى ناھىيەلىك زىمىن بايلىق ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى خۇاڭ جيەنفېڭ تەپتىش باشلىقىغا: «ئەگەر مەندىن بىر پۇڭلۇق مەسىلە چىقسا، مېنى ئون يىل كېسىپ تۈرمىگە تاشلاڭلار، ئەگەر 10 مىڭ يۈەنلىك مەسىلە چىقسا مېنى ئېتىۋېتىڭلار» دەپ قەسەم بېرىپ، ئۆزىنىڭ پاك-دىيانەتلىكلىكىنى ئىسپات-

لىماقچى بولىدۇ، بىراق چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈشتە، ئۇنىڭ 5 مىليون 70 مىڭ يۈەن پارا يېگەنلىكى پاش بولغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسىنى پاكلاشتۇرۇشى، چىن نىيىتىدىن ئەخلاق مىزانى ئىگىلەشى كېرەك. قەسەم، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق ئاساسىدا بولۇش كېرەك. بۇ ئۈنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، داۋا - دۇمباق بىلەن بىر نەچچە ئېغىز دەبدەبىلىك شوئار بىلەن ئورۇنداپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئافرىقا ياپىلىقىدا بىر يىگانە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈك بار ئىكەن، ئۇ باشتا ناھايىتى ئاستا ئۆسىدىكەن، يايلاقتىكى ھەرقانداق ئۆسۈملۈكتىن پاكار بولىدىكەن، ئەمما كېيىنكى يېرىم يىلدا يامغۇر پەسلى ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بىراقلا ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسۈپ، باراقسانلىشىپ باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى بېسىپ چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئاۋۋال توپا ئاستىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىدىكەن، يىلتىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى 28 مېتىرغا يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىراقلا كۆچەپ ئۈستىگە ئۆسىدىكەن، بىز ئىنسانلاردىمۇ شۇ «28 مېتىر چوڭقۇر» ئەخلاق يىلتىزى بولۇشى كېرەك.

### بەشىنچى، ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا كۆپ ئەجىر كېتىدۇ

ياخشى ئەخلاقنى ھەممە ئادەمگە ئۆگىتىش، ھەممە ئادەمنىڭ ئاڭلىق ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جىق ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئەخلەت تازىلاش بىر ئاددىي كۈندىلىك ئىش، ئۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئەمما ئاشۇ ئاددىي ئىشنى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئىشىغا ئايلاندۇرۇش زور ئىش ھېسابلىنىدۇ. ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ جەھەتتە شۋېتسىيە دۇنيا بويىچە ئۈلگىلىك دۆلەت ھېسابلىنىدىكەن، ئۇلار ئەخلەت كارخانىلىرىغا مەخسۇس نازارەتچى خادىم تۇرغۇزۇپ، ئەخلەتنى تۈرلەر بويىچە يىغىش، توپلاش ۋە يۆتكەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. قەغەز ۋە قەغەز يەشىكلەر، يالتىراق بۇيۇملىرى، ئەينەك ۋە ئەينەك چاقچۇقلار، تاشلاندۇق دورىلار، خەتەرلىك بۇيۇملار، مۇھىتنى ئاسان بۇلغايدىغان بۇيۇملار، قالدۇق ھاشارات دورىلىرى، ئائىلە ئېلېكترونلۇق كونا سايمانلىرى، باللار ئويۇنچۇقلىرى، ئاشخانا ئەخلەتلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىپ يىغىش قاتارلىقلارنى ئوراپ قاچىلاپ تېگىشلىك جايلارغا يۆتكەيدىكەن، نازارەتچىلەر پۈتۈن جەريانىنى قاتتىق نازارەت قىلىدىكەن، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئاۋۋال ئېرىنمەي چۈشەندۈرىدىكەن، ئەگەر تۈزەتمىسە بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويىدىكەن، بۇنىڭ بىر تۇتاش قائىدە - نىزاملىرى بار ئىكەن، ھەممە ئادەم بۇ قائىدە نىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىكەن. شۋېتسىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن پەخىرلىنىدىكەن. ئۇلار مۇشۇ ئاددىيغىنە ئەخلەت تازىلاشتىن ئىبارەت بىر ئىشنى ئەخلاق يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىدىن باشلاپ ئۆگىتىدىكەن. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەدبىرلىرىنى شۇ باللار ئارقىلىق ھەر بىر ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشقا نىسبەتەن پۈتۈن جەمئىيەتتە ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل بولغان. ئاخىر بۇنى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتى دەپ چۈشەنگەن. ئالاقىدار خادىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە مۇشۇ ئاددىي بىر ئىشنى جەمئىيەتتە مۇشۇ دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى سەرپ قىلغان، «ياخشى ئىش كۆپ ئەجىردىن كېلىدۇ»، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەۋسىيەسىدىن قارىغاندا، ئاۋۋال ئۇلار «ئەخلەت خاتا ئورۇنغا تاشلانغان بايلىق» (ناپالېيون) دېگەن ھېكمەت سۆزىنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا تەدرىجىي سىڭدۈرگەن، كىشىلەرنىڭ چەكلىك بايلىققا بولغان ئېڭىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، ئاندىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە تۇرمۇش ئىستېمالىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىسراپچىلىقنىڭ ئېغىرلىشىپ، ئەخلەتنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىر قىسىم مەخسۇس خادىملار ۋە ئاپپاراتلار بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرغان، ئاخىرىدا بۇ ئەخلاق تەربىيەسىنى مائارىپ سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئائىلىلەر ئارقىلىق قوزغاتقان. باللار جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ كىلىنكىسى، ھەممە ئىشنىڭ مەنبەسىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ فاڭجېنىدىمۇ تەربىيەلىنىگۈچىلەرنى «ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش» دېگەن مەزمۇن بار. لېكىن بۇ يۆنىلىش خاراكتېرلىك فاڭجېن بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرى بويىچە كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈلمىگەن، تازىلىق-

نى ئازلىق ئىشچىلىرى قىلسىمۇ، «مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار» دېمەيدۇ. ئاڭ بولمىغاندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە شۇنىڭغا لايىق ھەرىكىتىمىز بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاشۇ ئەخلاق ئېڭىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم.

**ئالتىنچى، «تونۇش جەمئىيەت»تىن «ناتونۇش جەمئىيەت»كە ئۆتۈشتە ئەخلاقنىڭ خىرىسى بار**

دۆلىتىمىزدە ئۇزاق يىللار پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلۇپ كەلدى. ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەممە ھالقىلىرىدا، جۈملىدىن ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىم قىلىش، ئىستېمال قىلىش ھالقىلىرىدا بىر تۇتاش پىلان يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقارغۇچىلار كۆپ باش قاتۇرماي، ئاددىي، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر مەلۇم دائىرىدە چەكلىنىپ، بەك يىراققا ھالقىپ كەتمىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، بەلكى تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتلەردىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى. تونۇش ئادەملەر، تونۇش جايلار، تونۇش تىللار، تونۇش پۇللار، تونۇش ئىشلار... كۈندىن كۈنگە، يىلدىن - يىلغا يېڭىلانماي داۋاملىشىۋەردى. كىشىلەر ئۆزئارا «ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بىلىدىغان كىشىلەر» «ئاش - تاماق سۇنۇشقان قوشنىلار» دەپلا مۇئامىلە قىلاتتى... بۇ ئىدىيەدىكى قاتماللىقتىن ھالقىپ كېتەلمىدى. مال ئالماشتۇرۇشتا باھا تالاشماي، بىر قولدا پۇل بېرىپ، بىر قولدا مال ئالاتتى، نەق - نېسى سودا قىلاتتى، ئۆتنە ئېلىپ ئۆتنە بېرەتتى، پۇل كېرەك بولسا، تونۇشلاردىن ئالاتتى، ناتونۇش بانكىغا ئانچە بېرىپ كەتمەيتتى، ئاتا - ئانىسى قېرىپ قالسا بار يوقى بىلەن ئۆيدىلا باقاتتى، ساناتورىيە دېگەننى بىلمەيتتى، ئىستراخوۋانىيە دېگەنلەرنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. سوغۇق ئېلىشىپ قالسا، ئۆچكە تېرىسىگە ئالاتتى، زۇكاملاپ قالسا سۇيۇق تاماق ئىچەتتى، دوختۇرغا ئانچە بېرىپ كەتمەيتتى... مانا مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئىسكەنجىسىدە غورىگىل تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتى، ھەممە ئادەم ناھايىتى ئاقكۆڭۈل ھالدا ئەنئەنىۋى ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلاتتى، ئاز بولسىمۇ يېتىدۇ، كۆپ بولسىمۇ ئۆتىدۇ، دەپ ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ماددىي تۇرمۇشقا قانائەتلىنىپ، زارلىماي، قاقشىماي، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، ھېچكىمدىن رەنجىمەي، ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چېلىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. پەلسەپە تىلى بويىچە ئېيتقاندا، ماددا ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، بايلار ئەخلاقلىق بولىدۇ، نامراتلار ئەخلاقسىز بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، گەپ ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ، ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، كىشىلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئەخلاق مىزانىنى ئىگىلەشكە ئۈندەيدۇ دېگەنلىك.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى دۆلىتىمىزدە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلدى، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پۈتۈنلەي «ناتونۇش جەمئىيەت» گەۋدىلەندى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بارلىق بايلىقلار بازارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولدى. جۈملىدىن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ بازارغا سىلىندى، يۇرت ئاتلاپ، رايون ئاتلاپ، ھەتتا دۆلەت ئاتلاپ قىلىدىغان سودا ئىشلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى، كارخانىچىلار، سودىگەرلەر ئاتا - ئانىلىرى كۆرۈپ باقمىغان پۇللارنى كۆتۈرۈپ ياكى توردا خەلقئارا بازارغا كىردى. تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزدىمۇ يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى. ئىشتان - كۆڭلەكنى تەتۈر كىيىپ چىقىسمۇ مودا دەپ دورايدىغان بولدى. رەخت بىلەتلىك چاغلىرىدا ئۇزۇن - ئۇزۇن ئىشتان، كۆڭلەك كىيىدىغان قىز ۋە چوكانلار ئەمدى ئانچە - مۇنچە لاتا - پۇرۇچلارنى ئۇستىگە ئارتىپ، كوچىغا چىقىدىغان بولدى... يەنە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىۋاتىمىز، ئىجتىمائىي ھالەت ئۆزگەردى، ئىجتىمائىي ئەخلاق شەكلىمىز ھەتتا ئەخلاق مىزانىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئەمدى كونا ئەخلاق قائىدىلىرى بىلەن، ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى پاكلاشتۇرۇپ كەتكىلى، «يامان بولىدۇ» دەپ چەكلەپ كەتكىلى، «ساۋاب بولىدۇ» دەپ باشلاپ كەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنى جەمئىيەت قوبۇل قىلمايدۇ، كەلگۈسىنىڭ غوجايىنلىرى — بۈگۈنكى ياشلارمۇ قوبۇل قىلمايدىغان ئىجتىمائىي ھالەت شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن - تۈزۈملۈك ئىكەنلىكىنى، بازار ئەخلاقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھەر بىر ئادەم ئۇنى ئىگىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ھەرگىزمۇ «قۇشقاچ قاغىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ ئۆزىنىڭ مېڭى-

شىنى ئۇنتۇپ قالغان» دەك قىيىن ئەھۋالدا قالماسلىقنى بىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئەخلاقنىڭ مىزانى، شەكلى ۋە تەلىپى قانداق ئۆزگەرمىسۇن ئۇنىڭ «باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش»تىن ئىبارەت يادرولۇق مەزمۇنىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن مەيلى باي ياكى نامرات بول، مەيلى ھۆكۈمران ياكى پۇقرا بول، مەيلى سودىگەر ياكى خېرىدار بول، ئەخلاقنىڭ تۈپ مىزانى ۋە تەلىپى ھەممىگە ئوخشاش. پادىشاھ بىلەن پۇقرا مەرتىۋە تالاشماي، بىر سورۇندا جەينامازغا باش قويغىنىدەك، ئەخلاقتىكى ئورتاقلىقنىمۇ چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم، ئەخلاق ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر.

**يەتتىنچى، ئەخلاق چىڭ تۇتۇلسا، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشى يۇرۇشۇپ كېتىدۇ**

ئىناق جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئاساسى ئەخلاق. ئەخلاقنىڭ جەۋھىرى «باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش»تۇر. ئەمما ئەخلاق بولسا يۇمشاق دېتال «قۇرۇلۇش»ى جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىسىگە، تەپەككۇرىغا، ئېڭىغا تەسىر قىلىپ، ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، كۈندىلىك تۇرمۇش قارىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن سىجىل ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇياقتىن ئورۇق سالسا، بۇياقتىن ئۈنۈپ چىقىپ مېۋە بېرىدىغان زىرائەت ئەمەس. ئۇنىڭ قولغا ئورۇنىدىغان، كۆزگە كۆرۈنىدىغان شەكلىمۇ يوق، ئۇ خۇددى سۇ تۇپراققا سىڭگەنىدەك، ئادەمنىڭ تومۇر تومۇرلىرىدا ئايلىنىپ، پۈتۈن بەدەنگە سىڭىپ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىل مۇناسىۋەتلەردە، ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ئىپادىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ھايات مەنبەسى، چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە. لېكىن كىشىنىڭ چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز خەلق ئىشلىرىغا تەقدىم قىلدۇرغان كۈچ-قۇۋۋەت، ساخاۋەتچى ئالىمنى ناتونۇش جايلاردا، ناتونۇش كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان كۈچ-قۇۋۋەت، ھەر يىلى جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن شەخسلەرنى ياراتقان كۈچ-قۇۋۋەت زادى نېمە؟ جاراڭلىق بىر سۆز — ئەخلاق.

بىز ھازىر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە، يېزا ئىگىلىك دەۋرىدىن، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى «قاتتىق دېتال» قۇرۇلۇشى جۈملىسىگە كىرىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئەخلاققا بولغان ئۆلچەممۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئۆرلەۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ماسلاشمىساق كەلگۈسى ئىناق جەمئىيەت جىسمىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز تەس بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ئەخلاق تەربىيەسىنى ئادەمنىڭ بالىلىق چېغىدىلا چىڭ تۇتۇش، ئائىلە تەربىيەسىنى مەنبە، مەكتەپ تەربىيەسىنى ئاساس، جەمئىيەت تەربىيەسىنى يېتەكچى قىلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، دۆلەتنى ۋە رايونلارنى قانۇن ئاساسىدا ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق ئاساسىدا ئىدارە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، پۈتۈن جەمئىيەتتە، بىر پۈتۈن ئەخلاق تەربىيەسى مېخانىزمى تۇرغۇزۇپ چىقىش، تېلېۋىزور، رادىيو، گېزىت-ژۇرنال، كىنو-تىياتىر، گۈزەل سەنئەت سارىيى، مەدەنىيەت سارىيى، مۇزېي قاتارلىق ھازىرقى زامان ئاخبارات ۋاستىلىرى، مەدەنىيەت كۆزنەكلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مەدەنىيەتنىڭ باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە سودا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى.

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىندەرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارانېكىن (تەكلىپلىك).**



زۇلپىقار بارات ئۆزباش

# نيۇيورك ئەسلىمىسى: بۈگۈن ئاخشام جۇدۇن بولىدۇ

1

— بۈگۈن ئاخشام نيۇيوركتا جۇدۇن بولىدۇ، — دېدى
مۇھەممەدجان ئاكا ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا تېلېفوندىن ھاۋارايى
ئۇچۇرلىرىنى ئوقۇغاچ، — قېلىنراق كىيىنگىلار، چۈشتىن كېيىن
يامغۇر يېغىپ قارغا ئايلىنىدىغانلىقى گەپ بار، سوغۇق ئۆتۈپ قال-
مىسۇن. بۈگۈن ماڭا خىزمەت كۈنى بولغاچقا، سىلەرگە ھەمراھ
بولالمايدىغان بولدۇم.

مۇھەممەدجان ئاكا ئۇيغۇر بولۇپ، نيۇيوركتىكى بىر ئۇنى-
ۋېرسىتېتنىڭ دورا تەتقىقات بۆلۈمىدە كاندىدات تەتقىقاتچى
ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن بىزگە بىر كۈن ھەمراھ بولغان، ھەتتا شۇنچە
ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ 40 كىلومېتىر نېرىدا ئولتۇر-
ىدىغان 80 ياشلىق ئۇيغۇر بوۋاينىڭ يېنىغا ئاپىرىپ كۆرۈشتۈرگە-
نىدى. بۈگۈنمۇ ئاكىمىز ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن خەيرىخاھلىق قى-
لىشنى ئۇنتۇماي تاپىلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئىنچىكە تاپىلىدى.
بۇ 2012 - يىلى نويابىر ئېيىنىڭ باشلىرى بولۇپ، نيۇيورك تا-
رىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر شۇۋرغان ئاپىتىگە ئۇچرىغانىدى.
شەھەرنىڭ سوغۇقى ۋە ساياھەت دىشۋارچىلىقى تۈنۈگۈن ئاكى-
مىزنىڭ ھەممە ئىشنى تاشلاپ ھەمراھ بولۇشى، يول باشلىشى نە-
تىجىسىدە بىلىنمىگەنىدى. بۈگۈن بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى تۈنۈ-
گۈن كۆرۈشكە ۋاقتىمىز يەتمىگەن ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئۆزىمىز
ئايلانماقچى بولدۇق. نيۇيوركتىكى ئۇيغۇر تاماقلىرى ئېتىلىدى-
غان «ئارزۇ ئاشخانىسى» ساياھەت پىلانىمىزدىكى تۇنجى بېكەت
ئىدى. شەھەرگە يېڭى كەلگىنىمىز، يول بىلمەسلىكىمىز سەۋەبلىك
كۈتمىگەن ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقۇشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى. ئا-
رىلىقتا ئايالىم «يولدا ئېزىپ قېلىپ جاپا تارتىپ قالارمىزمۇ؟ جۇ-
دۇندا قالارمىزمۇ؟» دەپ ئەنسىرىشىنى ئىپادىلەپمۇ ئۈلگۈردى.
مەن «كۈتمىگەن ئۆزگىرىشى بولمىغان ھاياتنىڭ نېمە قىزىقى
بولسۇن! بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرىمىز» دەپ ئۇنى بەزلىدىم.
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئايالىمنىڭ ئەنسىرىشىنىڭ ئاساسسىز ئە-
مەسلىكى مەلۇم بولدى.

2

28 - يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ كۈينىس رايونىدىن 7 -
يول مېترو بېكىتىگە كەلدۇق. نيۇيورك مېتروسىدا قاتناش باش-
لانغىنىغا 130 يىل بولغان بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندىمۇ بۇ
بەلكىم لوندون مېتروسىدىن كېيىنكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن مېترو
بولسا كېرەك. بايا ئۇقسام، 24 سائەت قاتناش ئۈزۈلمەيدىغان
نيۇيورك مېتروسى ماكانسىزلارغا، كەمبەغەل ساياھەتچىلەرگە كې-
چىلىك قونالغۇ ئىكەن. كاللامدا ئۈزۈك - ئۈزۈك خىياللار. ئېھتى-
مال بۇ مېترولاردا مودېرنىزم شېئىرىيەت تارىخىدىكى «غەليان
شېئىرىيەت ئېقىمى»نىڭ پېشۋاسى، شائىر گىنسبېرگ ھەم ئامېرى-
كا داڭلىق يازغۇچىلىرىدىن ئو. ھېنرى، ھېرمان مىللىرلار ئولتۇر-
غاندۇ. 2004 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى چەت ئەل تىلى كىتابخانىسى-
دىن گىنسبېرگنىڭ «ھۆركىرەش» ماۋزۇلۇق شېئىر توپلىمىنى سې-
تىۋالغان چېغىمدا، ئامېرىكا مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋالىرى-
دىن بىرى ۋولت ۋىتماننىڭ قەستكە ئۇچرىغان ئامېرىكا پرېزى-
دېنتى لىنكولننى ئەسلەپ يازغان شېئىرىنى ۋەتەندە تۇرۇپ
ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇغان چېغىمدا، نەچچە يىللار ئۆتۈپ شۇ

بايان بىزنىڭ، تەپەككۇر سىزنىڭ

گىگانت شائىر ياشىغان شەھەردە زىيارەتتە بولۇشۇمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم.

مېترو كەچمىشلەرگە باي، ئۇنىڭ ئادەمگە بەخش ئېتىدىغان ھېس-تۇيغۇلىرى مۇرەككەپ بولىدۇ. ساقلاش بېكىتىدە تۇرغاندا، پويىزنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشتىن بۇرۇن كېلىۋاتقان گۈركىرەش ساداسى كىشىگە ئۆزىنى ئۆڭكۈر ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك، قاراڭغۇلۇقتىن ھېلىلا نامەلۇم مەخلۇق چىقىپ قالىدىغاندەك ئەنسىز تۇيغۇ بېرەتتى. مېترو ئىچى ئاۋات، سۈرلۈك بولسىمۇ، نيۇيوركنىڭ سۆلىتىگە ماس كەلمەيدىغان قارا-قۇرىلار ۋە مەينەت چىلىكلەرمۇ ئانچە-مۇنچە كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

بۇ شەھەرگە يېڭى كەلگەن ئادەم قەۋەتلەر ئارىلىقىدا ئوبدانلا ھەرەج تارتاتتى. ۋاشىنگتوندا مېتروغا چۈشكەنىدۇق. نيۇيوركتىكى مېترولارنىڭ بېلەت سېتىۋېلىش، بېكەت ئالمىشىش تەرتىپلىرى ئۇ يەردىكىدىن ئوبدانلا پەرقلىنىدىغاندەك قىلاتتى. مېترو بېكىتىگە كىرىش ئېغىزىدا پىرقىرايدىغان تۆمۈر كالتەك بىلەن توسۇلغان ھەرىكەتچان ئىشىك ئورنىتىلغان بولۇپ، مېترو كارتىسىنى ئىشىكتىكى ماگنىتقا سۈرتمىگۈچە، توسۇق ئورنىدا ئورنىتىلغان پىرقىرىما كالتەك ئورنىدىن مىدىرلىمايتتى. مېترو باشقا دۆلەتتىن، يات شەھەردىن تۇنجى كەلگەن ساياھەتچىنى ئوبدانلا تەرلىتەتتى. مېترو بېكىتىدە بىر خىل جىددىيلىك ۋە يەنە بىر خىل مەڭدەش ھېسسىياتى ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى. مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئىچىدە ئوغلۇمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇردۇم. بالامنىڭ سوئاللىرى كۆپ ئىدى، ھېلى ئانىسىدىن، ھېلى مەندىن بىر نېمىلەرنى سوراپ زېرىكمەيتتى. 30 يىللار بۇرۇنقى بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلىدىم. مەنمۇ شۇ چاغلاردا ئانامنىڭ، دادامنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئاشۇنداق بەخىرامان يوسۇندا سوئاللىرىمنى سورايتتىم. ئەمدى كىچىكلەر تەرىپىدىن سوراقلىنىش نۆۋىتى ۋە جاۋاب بېرىش مەجبۇرىيىتى بىزگە كەلدى. مەن بۇ مەجبۇرىيەتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتىم. لېكىن بەزىدە ئوغلۇمنىڭ سوئاللىرى ئىدراكىي دائىرىدىن خېلىلا ھالقىپ كېتەتتى. ھونولۇلۇدا مېترو بولمىغاچقا، نيۇيورك مېتروسى ئوغلۇمغا يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ بىردە رېلىس يولىنى كۆرسىتىپ: «بۇ يەردە ماڭسا بولامدۇ؟» دەيتتى، بىردە كېتىۋاتقان مېترونى كۆرسىتىپ: «بۇ پويىز بىزنىڭ ۋەتەنگە بارامدۇ؟ ھاۋايغا بارامدۇ؟» دەپ سورايتتى.

ئوغلۇمنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ يەنە خىيالغا كەتتىم. بالىلاردا شائىرانە تۇيغۇ ھەقىقەتەن كۈچلۈك بولىدىكەن. نېمىشقا بۇنداق تۇيغۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خىرەلىشىدىغاندۇ. ئادىل تۇنىياز: «شېئىر بىزنىڭ مەدەنىيلىشىش داۋامىدا يوقىتىپ قويغان نەرسىلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەنىدى. قارىماققا ئاددىي تۇيۇلىدىغان بۇ گەپنىڭ تېگىدە چوڭقۇر پەلسەپە بار. 20-ئەسىردىكى ئەڭ بۈيۈك غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ بىرى بولغان ھايدېگېرنىڭ «سەنئەت، تىل، ئوي» دېگەن كىتابىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيەمۇ ئادىل تۇنىيازنىڭ شۇ قارىشى بىلەن جىپسىلىشىدۇ.

— بالىمىزدا شائىرانە تۇيغۇ خېلى كۈچلۈك. بۇ تۇيغۇ كېيىن تۇنجۇقۇپ قالمىسا بولاتتى، — دېدىم مەن «پويىز كېلىۋاتامدىغاندۇ» دېگەن تەمەددە بويىنىنى سوزۇپ قاراڭغۇ رېلىس يولىغا قاراۋاتقان ئايالىمغا.

— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېدى ئايالىم رېلىس يولىغا يېقىنلىشىۋاتقان بالامنى كەينىگە تارتقاچ.

چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومانىنىڭ ھەر بىر بۆلۈمى «پويىزلار شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا ئالمىشىدۇ» دەپ باشلىنىدۇ. بىر-بىرىگە ئۇچقاشماي دېگۈدەك يولىغا راۋان بولۇۋاتقان پويىزلار خىيالىمنى ئايتماتوۋنىڭ شۇ قۇرلىرىغا ئېلىپ كەتتى. بۇ مېترونىڭ ئاخىرقى چېكى نەگە بارىدۇ ماڭا نامەلۇم، ئەمما قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كېتىدىغان پويىزلار ئادەمگە يەڭگىل تۇيغۇ بېرەلمەيتتى. مەن خىيالىمدا نيۇيوركتىكى مېترولارنىڭ ئالدىراش ھالىتىنى زامانىۋى دۇنيادا ئايىغى يەرگە تەگمەي ئالدىراش يۈرگەن ھەرىكەتچان ئادەملەرنىڭ ياشاش ھالىتىگە تەققاسلىدىم.

بىز ئەتىگەندە ئاۋۋال «ئارزۇ ئاشخانىسى»غا بېرىپ تاماق يېمەكچى، ئاندىن پۈتۈن دۇنياغا داڭقى بار مەركىزىي باغچىنى ئىككى كۈن ئايلانماقچى، ئاخىرىدا نيۇيورك زامانىۋى سەنئەت گالېرىيەسىنى كۆرمەكچى ئىدۇق. تەتقىقاتچى ئاكىمىز دەپ بەرگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن «ئارزۇ رېستورانى»غا تېپىنمەيلا كېلىۋالدۇق. يەر ئاستى يولىدىن چىقىشىمىز بىلەن تەڭ شۇۋرغان چېقىشقا باشلىدى. ئايالىم بىلەن ئوغلۇمنى بىر دالىدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ 100 مېتىر نېرىدىكى CVS دۇكىنىدىن ئىككى تال كۈنلۈك ئالدىم. مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر يېغىۋاتقان بولغاچقا، «ئارزۇ ئاشخانىسى»نىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغۇچە ئوبدانلا جاپا تارتتۇق. ئەپسۇس، ئاشخانا ئىگىسى ئىشىكتىن كىرىشىمىزگە «ئاشخانىنى ئون يېرىمدا ئاچىمىز» دەپ قالدى.

شۇ گەپنى دېگەن ئايالنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىدىم. بىر قارىسا رۇسلارغا ئوخشاپمۇ قالاتتى. بۇ ئاشخانىنىڭ

بىر غوجايىنى يەھۇدى، يەنە بىر غوجايىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئۇيغۇركەن دەپ ئاڭلىغانىدىم. قارىغاندا ئالدىمدا تۇرغان بۇ ئايال ئۇيغۇر ئەمەستەك قىلاتتى. ئوزايىدىن بىزنىڭ ئاشخانىدا تاماق چىققۇچە تۇرۇپ تۇرۇشىمىزنى خالىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى، قايتىپ چىقتۇق. تەلىيىمىزگە يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە «ستارباكس قەھۋەخانىسى» كۆرۈندى. قەھۋاخانىغا قاراپ كېتىۋاتقاچ، كەينىمگە قايرىلىپ ئاشخانىنىڭ ۋىۋىسكىسىغا قارىدىم. «ئارزۇ ئاشخانىسى» دېگەن خەت سىلاۋيان، ئىنگلىز يېزىقلىرىدا يېزىلغانىدى.

«ستارباكس قەھۋاخانىسى»دا ئىسسىق قەھۋە ئىچىپ ئازراق ئىسسىنغان بولدۇق. مەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دۇنيا گېزىتچىلىك ساھەسىدىكى داڭلىق نەشرىي ئەپكار «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتىنى سېتىۋالدىم. گېزىتنىڭ باش بېتىگە «بۈگۈن تارىخنىڭ يەنە يېڭى بىر بېتى ئېچىلدى» دەپ يېزىلغانىكەن. ئەسلىي بىلسەم، ئوباما يېڭى نۆۋەتلىك پرېزىدېنت بولۇپ سايلىنىپتۇ. تۈنۈگۈن كەچتە خېلى ساقلىغان بولساقمۇ سايلام نەتىجىسى چىقمىغانلىقى ھەم ئوبامانىڭ رىقابەتچىسى رومنىي ئۇتتۇرغىنىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇخلاپ قالغاندۇق. نيۇيوركتىكى لىبرال يەھۇدىيلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتى لوندون «تايمىس» گېزىتى، «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتلىرىدەكلا دۇنياغا داڭلىق گېزىتلەرنىڭ بىرى ئىدى. 2008 - يىلى ئوباما ئامېرىكىغا پرېزىدېنت بولغاندا، مەن ھاۋايدا تۇرۇپ بۇ تارىخىي ۋەقەنى نۇرغۇن ياشلارغا ئوخشاش ھاياجان ئىچىدە تەبرىكلىگەنىدىم. تۆت يىل جەريانىدا نۇرغۇن ئىش يۈز بەردى، مېنىڭ ھېسسىياتىمدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئوباماغا قىزىقماسلىق روھىيىتىمدە كۆرۈلۈۋاتقان ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى ئىدى. سىياسىي پەلسەپە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا سىياسىينىڭ ۋە سىياسىئونلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئىچ - ئىچىدىن بىلىشكە ئۈلگۈرگۈنۈم ئۈچۈن، ھەرقانداق سىياسىي ۋەدىلەرگە، تاراتقۇلاردىكى ئىدېئولوگىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ئۇچۇرغا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭا بۈگۈن گېزىتنى ئوبامانى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خاتىرە ئۈچۈنلا سېتىۋالدىم.

ئوباما بىلەن رومنىينىڭ بىر - بىرىگە كەينىنى قىلىپ تۇرغان سۈرىتىنى كۆرۈپ ئوغلۇم گېزىتنى قولۇمدىن تارتىۋالدى.

— رومنىي ئەمەس، ئوباما ئۇتۇپتۇ، — دېدىم مەن ئوغلۇمغا.

— ياق، رومنىي ھەر ۋاقىت ئۇتىدۇ، — دېدى ئالتە ياشلىق ئوغلۇم مەن بىلەن تالىشىپ.

ئوباما بىلەن رومنىينىڭ بىرىنچى قېتىملىق مۇنازىرىسىنى ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار مۇلازىمەت مەركىزىدە ئوغلۇم بىلەن بىللە كۆرگەنىدۇق. نېمىشقىدۇ ئوغلۇمغا رومنىينىڭ قىياپىتى، تاقىغان گالستۇكى يېقىپ قاپتۇ. يەنە كېلىپ شۇ كۈندىكى تۇنجى قېتىملىق مۇنازىرىدە رومنىينىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگىنى راست ئىدى. شۇڭىمۇ ئوغلۇم باشتىن - ئاخىر رومنىينى ماختاپ ئولتۇرغانىدى. پرېزىدېنت سايلىمىدا ئوبامانىڭ ئۇتقانلىقىنى دېسەم ئۇ ئىشەنگىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىدا ساۋاتى چىققان بولسىمۇ، ئەمما تېخى گېزىت ماۋزۇسىدىكى ھەر بىر گەپنى چۈشەنگىدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى.

بالامنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا «ياق، رومنىي ھەر ۋاقىت ئۇتىدۇ» دېيىشى بىلەن تەڭ قەھۋاخانىدا ئولتۇرغانلار بىزگە قارىدى، — شاكىچىك، سەن رومنىي مەستانىسى ئىكەنسەن - دە! — دېدى يېنىمىزدا ئولتۇرغان ئاق تەنلىك ئايال.

— ئوغلۇمغا تۇنجى قېتىملىق مۇنازىرىدە رومنىينىڭ گالستۇكى يېقىپ قاپتىكەن، — دېدىم مەن، — ئۇ ئىزچىل ئوبامانى ئۇتتۇرىدۇ، دەپ كەلگەنىدى.

ئامېرىكىلىقلار كىشىلىك ئالاقىدە مانا مۇشۇنداق دوستانە. تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ بۇ تەرزدە پاراڭلىشىشى ئامېرىكىدا ھەيران قالغۇچىلىكى يوق بىر ئىش ئىدى.

سائەت ئون يېرىم بولدى. بالامنىڭ پوسمىسى بىلەن شۇمشىيىپ ئولتۇرغان ھالىتىنى رەسىمگە تارتىۋالغاندىن كېيىن قەھۋاخانىدىن چىقتۇق. شۇۋىرغان توختىماپتۇ، «ئارزۇ ئاشخانىسى»دا بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، قاشلىرى قويۇق، قاڭشارلىق بىر كۈتكۈچى قىز كۈتۈۋالدى.

قىزنى ئۆزبېك بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئالدىمىزغا چاي كۆتۈرۈپ كەلگەن قىز بىزگە قورۇما تىزىملىكىنى كۆرسەتكەچ رۇسچە گەپ قىلدى.

— بىز رۇسچە بىلمەيمىز، — دېدىم مەن، — سىز قايسى مىللەت؟ بولسا ئىنگلىزچە گەپ قىلسىڭىز بوپتىكەن، — دېدىم مەن.

— مەن ئۆزبېك، — دېدى قىز ئويلىنىشىپ ئولتۇرمايلا.

— بىز ئۇيغۇر، بولسا ئۆزبېك تىلىدا سۆزلىسىڭىز، — دېدىم.

— جۇڭگودىن كەلدىڭلارمۇ، — دېدى قىز بىز بۇيرۇتقان تاماقلارنى قولىدىكى تالونغا يازغاچ. قىزنىڭ ئىسمى مەرھابا ئىكەن، نيۇيوركقا كەلگىنىگە ئالتە ئاي بوپتۇ.

كاۋاپ، لەغمەن، پېتىر مانتا بۇيرۇتۇپ بولۇپ سورىدىم:

— بۇ ئاشخانىنىڭ بىر خوجايىنى ئۇيغۇر دەپ ئاڭلىغانىدىم، راستمۇ؟

— ھەئە، قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇر، — دېدى مەرھابا ئۆزبېك تىلىدا ۋە نېرىدا پۇل ئالىدىغان پوكەينىڭ يېنىدا تۇرغان بۇرۇتلۇق، تۇرقىدىن مەغرۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — ئاشۇ كىشى شۇ.

ئۇ كىشى بىزگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۆز ئىشىنى داۋام قىلدى. پاراڭلاشقۇم كەلسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ تۇرقىدىن ۋە بەدەن تىلىدىن ئالدىراشلىقىنى ۋە سۆزلىشىشنى خالىمايدىغانىدەك بىر ئالامەتنى سېزىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ئاۋۋال بۇيرۇتقان كاۋىپىمىز چىقتى، كاۋىپى راستىنلا ئوخشايدىكەن. ئادەتتە تاماققا قېيىقلىق قىلىدىغان ئوغلۇم بىر زىق كاۋاپنى بىردەمدىلا سوقۇۋەتتى. «مانتىغا بىردەم ساقلايسىلەر» دېدى مەرھابا ئىككى قاچا لەغمەننى ئالدىمىزغا قويغاچ. تىزىملىككە ئۇيغۇر لەغمىنى دەپ يېزىلغانىدى. ئەمما ئالدىمىزغا چىققان بۇ تاماق لەغمەنگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى، سۈيى كۆپ بولۇپ سوزۇمەنگە ئوخشايتتى. چۆپتىن ئىككى چوكا ئالدىم. بۇ تاماق ماڭا ئۇيغۇر لەغمىنىنى ئەمەس، 2002-يىلى ئۈرۈمچىدىكى «بۇدۇن ئاشخانىسى»دا يېگەن توخۇرمەننى ئەسلەتتى.

— بۇ ئۇيغۇر لەغمىنى ئەمەسكەن، — دېدىم مەرھابانى چاقىرىپ كېلىپ، — سۈيقاش بىلەن چۆپ ئارىلىقىدا بىر تاماق بوپتۇ. كاۋاپىڭلار ياخشىكەن، ئەمما لەغمەننى ئۇستا ئۇيغۇر ئاشپەز تېپىپ ئەتكۈزسەڭلار بولغۇدەك.

— بۇ يەردىن ئۇيغۇر ئاشپەز تاپماق تەس، ئىچىدە ئىشلەۋاتقان ئاشپەزلەرنىڭ ھەممىسى قىرغىزىستاندىن كەلگەن، — دېدى مەرھابا.

ئاڭغىچە مانتىمۇ چىقتى. پېتىرمانتىسى ھەقىقەتەن ئوخشايدىكەن. «لەغمەن» دەپ ئات قويۇلغان تامىقىدىن تازا ھۇزۇرلانالمىغان بولساقمۇ، كاۋىپى ۋە مانتىسى تېتىدى. يات بىر شەھەردە ئۇيغۇر تامىقى يېيىش قالتىس ھۇزۇرلۇق ئىش ئىدى.

تېلېۋىزوردا رۇسچە خەۋەرلەر بېرىلىۋاتاتتى. يېنىمىزدىكى ئۈستەلدە بىردە رۇسچە، بىردە ئىنگلىزچە سۆزلىگەچ تاماق يەۋاتقان ئاق تەنلىك ئايالدىن مەركىزىي باغچىغا قانداق بارىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئايال دوستانىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ بولۇپ، بۈگۈن نيۇيوركتا جۇدۇن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن باغچىنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشكە ئۈلگۈردى.

چىقىش ئالدىدا ئايال تەكلىپىمىز بويىچە بىزنى رەسىمگە تارتىپ قويدى. تاماق پۇلىنى تۆلەپ، مەرھاباغا ئازراق چاي پۇلى تۇتقۇزۇپ ئاشخانىدىن چىقتۇق. يامغۇر ئەمدى قارغا ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. مەركىزىي باغچە بۈگۈن ھاۋارايى سەۋەبلىك تاقالغان بولغاچقا، كېيىنكى مەنزىلىمىزدە نيۇيورك شەھەرلىك زامانىۋى سەنئەت سارىيىغا بېرىشنى پىلانلاپ مېڭىپ كەتتۇق. نيۇيوركنىڭ قار ئارىلاش يامغۇرى يەنە شۇ مېچىلداپ يېغىشلىرى بىلەن بىزنى مېتروغا چۈشۈپ كېتىدىغان پەلەمپەي ئالدىدا ئۇزىتىپ قالدى.

3

جەۋھەر سەنئەت ئىنساننى سەرخۇش روھقا ۋە ئۈمىدكە يېتەكلەيدۇ، سەرخۇش روھ ۋە ئۈمىد ئادەمنى ئەركىنلىككە باشلايدۇ.

— نيۇيوركقا بارساڭلار، زامانىۋى سەنئەت سارىيىغا بارماي قايتماڭلار، بالا جىق نەرسە ئۆگىنىدۇ، — دېگەنىدى ئوغلۇمنىڭ 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، چاچلىرى ئۇشتەك ئاقارغان ئاق تەنلىك ئوقۇتقۇچىسى كەرول خانىم رۇخسەت سوراپ يېنىغا كىرگەن چېغىمىزدا، — ئۇ يەردە بالىنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان نۇرغۇن سەنئەت بۇيۇمى بار، بالا پىكاسسونىڭ، ۋانگوكنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسۇن.

جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ماڭا دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچىلىرىم ئاساسەن ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇغاچقىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەنئەتكە چوڭقۇر ئىشتىياقى بار ئىلىمدارلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم. ئەمما مەن جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا جەۋھەر سەنئەتنىڭ قۇدرىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمنى تاشلاپ قويمىدىم. جەمئىيەتشۇناسلار خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان «پوئېتىك تەپەككۇر ۋە سوتسىئولوگىيەلىك تەپەككۇر» تېمىلىرى ۋە ئىككى خىل تەپەككۇرنىڭ گارمونىك بىرلىكى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندىم. بۇ جەرياندا بۇرۇن يېتىلگەن شېئىر خۇمارىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن داڭلىق سەنئەتكارلاردىن گارسىيا لوركا، ئوكتاۋىئو پاز، برودسكى، سىماس ھېينىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇدۇم؛

داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىر توپلاملىرىنى ئاتايىن ئىزدەپ يۈرۈپ
تاپتىم؛ مەشھۇر ياۋروپا كومپوزىتورلىرىدىن مۆزارتنىڭ يۈرۈش-
لۈك سىمفونىيەلىرىنى، ۋاگنېرنىڭ «سېھىرلىك ئوت» قاتارلىق
بىر يۈرۈش مۇزىكىلىرىنى، بېتخوۋېننىڭ «ئاينۇرى سوناتاسى»-
نى، چايكوۋسكىينىڭ «رۇس كويى»نى قايتا - قايتا ئاڭلىدىم.
ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرىدىن داۋۇت راۋابىنىڭ «مېنىڭ راۋابىم»،
ئەكرەم ئۆمەرنىڭ «مەشئۆي»، نۇرمۇھەممەد تۇرسۇننىڭ
«ئەجەب يىللار» قاتارلىق مۇزىكىلىرى ئېغىر كۈنلەردە ماڭا ۋە-
تەننىڭ ھىدىنى ئەسلىتىپ كۈچ بەردى. ئىتالىيە مۇزىكانتى ۋىۋال-
دىنىڭ «تۆت پەسىل»، ئەرمېنىيە ئىسكىرىپكىچىسى سىمانيۇل يېر-
مەنىيىننىڭ «پارىس كېچىسى» دېگەن مۇزىكىسى، ئىسپان مۇزى-
كانتى گوۋېيىنىڭ «ھاۋانادا كۈن ئولتۇرۇش» قاتارلىق ئۇنتۇل-
ماس مۇزىكىلىرى ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە، چەكسىز ھەسرەت ئىچى-
دە قالغان چاغلىرىمدا مېنى ئۈمىدكە يېتەكلىدى. ناخشىنى ئانچە
ئاڭلاپ كەتمەيتتىم، ئەمما جۇشقۇن، يۇقىرى سەۋىيەدە ئورۇنلان-
غان كىلاسسىك مۇزىكىلارغا ئالاھىدە ئىشتىياقىم بار ئىدى.
كىلاسسىك مۇزىكىلارغا بولغان ئىشتىياق مەندە 2001 - يىلى ئۇيق-
ۇسىز كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ بىر يىل قىينالغان چېغىمدا ئويغ-
انغانىدى. ئابدۇسالام ئابدۇسوپۇرنىڭ «شادلىق»، ئۇنىڭ دادى-
سى ئابدۇسوپۇر ئاكىنىڭ «چۆل يىراق» قاتارلىق مۇزىكىلىرىنى
چەكسىز جۇشقۇنلۇق قاينىمىغا پېتىپ ئازابلانغان چاغلاردا
ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇمغا مەلھەم ئىزدىگەنىدىم.

مودا سەنئەت ئەسەرلىرىنى دەۋرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق
بېرەلمىگىنى ئۈچۈن كۆرۈپ، ئاڭلاپ كەتمەيمەن. ئەمما جەۋھەر
سەنئەت باشقا نەرسە. بۈيۈك كامبرىج پەيلاسوپى ۋىتگېنستاين
«ئېستېتىكا پەزىلەت دېمەكتۇر» دەيدۇ. ۋىتگېنستاينىڭ ئېستې-
تىكا پەلسەپىسىنى ئوقۇش داۋامىدا ئۇچراتقان بۇ گەپ مېنى
ئۇزۇن ئويلاندۇردى. «ئېستېتىكا قانداقسىگە پەزىلەت
بولسۇن؟» دەپ ئويلايتتىم. ئەمما 2012 - يىلى تولا ئاڭلىغان
«مېنىڭ راۋابىم»، «ئەجەب يىللار»، «قاراتېكىن» قاتارلىق
ئۆلمەس، جۇشقۇن ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى، ۋىۋالدىنىڭ «تۆت
پەسىل» دېگەن مۇزىكىسى ماڭا بۇ پەيلاسوپنىڭ گېپىنىڭ راستلى-
قىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مەن بارلىق بۈيۈك مۇزىكانتلارنى، خۇ-
دنى يوقاتمىغان، بىر قوۋمنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرىغا
قارشى چىقمىغان بارلىق بۈيۈك سەنئەتكارلارنى شۇڭا چوڭقۇر
ھۆرمەتلەيتتىم. ئېسىل سەنئەت ئەسىرى ئادەمگە تەسىر قىلغاندا،
ئادەم ئۆزىنىڭ خاراب روھىغا ئېستېتىك تۇيغۇ ئارقىلىق مەلھەم
ئىزدەۋاتقان بولىدۇ. ئارىدا زامان، دەۋر چەكلىمىسى يوقايدۇ.
ئەقلىم بۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ. ھەممىلا يەردە سىياسىيونلار نەپرەت
ئۇرۇقى تېرىۋاتقان، ئادالەتسىزلىك ئادالەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغان
بىر دەۋردە، ئاجىزلارنىڭ يىغىسىغا، ئاھۇ - پەريادىغا ھېسسىيات-
سىز بىر تەرزدە قاراپ تۇرغان بىپەرۋا دۇنيادا جەۋھەر سەنئەت
ئادەمگە يەنە بىر خىل ئەركىنلىك بەخش ئەتسە كېرەك.

4

مېترودىن چىققاندىن كېيىن ھىندى تەلەپپۇزى قويۇق سالا-
پەتلىك بىر ئەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن نيۇيورك زامانىۋى
سەنئەت سارىيىغا كېلىۋالدۇق. ھەشەمەتلىك زال ئىچىدە ئادەملەر
سانجاق - سانجاق ھالەتتە ئۆچرەت كۈتۈپ تۇراتتى. كۆنۈككەن
ئادىتى بويىچە، ئايالىم بالىنىڭ قولىنى چىڭتىدە تۇتتى. ئوقۇغۇ-
چىلارغا يېرىم باھا ئىكەن. ئايالىم بىلەن بالام ئۈچۈن ئىككى تال
بېلەتنى 40 دوللارغا سېتىۋالدىم، ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكامنى كۆر-
سەتسەم ماڭا ئون دوللار ئالدى.

سەنئەت سارىيىنى قايسى قەۋەتتىن باشلاپ ئايلىنىش كې-
رەكلىكىنى بىلمەي، مەسلىھەت بېرىش ئورنىدىكى ئايالدىن كۆر-
سەتمە سورىدىم. ئايال بىزگە قانداق ئايلىنىش، ئاۋۋال نېمىنى
كۆرۈش، باللارغا لايىق سەنئەت ئەسەرلىرىنى نەدىن تېپىش
ھەققىدە ئىنچىكە مەسلىھەت بەردى. ئايالنىڭ كۆرسەتمىسى بويى-
چە ئاۋۋال باللار سەنئەت رايونىدىن باشلاپ ئايلىنىشنى باشلى-
ۋەتتۇق. ئوغلۇم 1 - قەۋەتنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۈجۈپلەپ زىن-
ەتلەنگەن، ھەر خىل سەنئەت بۇيۇملىرى قويۇلغان رايوننى
كۆرۈش بىلەنلا ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.
ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى رەسىمگە تارتىۋالدىم.
كىرىش پەلەمپىيىنىڭ تۆۋىدە ئۇماق باللار يەردىلا ئولتۇرۇپ
بىر نەرسىلەرنى قۇراشتۇرۇپ چۇۋۇپ ئويناۋاتاتتى. نېرىدا بىر-
ئىككى ئايال بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچچە ئورۇنلايدىغان سەنئەت
مەشقى تۈرىنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە كۆرسەتمە بې-
رىۋاتاتتى. بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەمكارلىشىپ سىزىدىغان رەسىم
تۈرى مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. بالام ئاۋۋال بوياقنى ئېلىپ
بىر ئادەمنىڭ بېشى كېلىدىغان يېرىنى كۆزنەك شەكلىدە ئېچىل-
دىغان ئاق مەرمەر تاشقا سىزدى، ئاندىن ئۇ مەرمەر تاشنى يېپى-
ۋېتىپ ئانىسىغا بوياقنى بەردى. ئايالىم رەسىمنىڭ قورساق قىسمى-
نى سىزىپ، مەرمەر تاشنى ياپتى. نۆۋەت ماڭا كېلىپ، بۇ رەسىم-
نىڭ پۇت تەرىپىنى سىزىپ مەرمەر تاشنى ياپتىم. ئېچىپ قارىسام
ئۈچ ئادەمنىڭ سىزىشى بىلەن بەتبەشرە بىر ئادەمنىڭ رەسىمى

يۈتۈپتۇ. رەسىم سىزىشقا تازا ئېپىم بولمىغاچقا، رەسىمنىڭ مەن سىزغان پۇت تەرىپى ياخشى چىقمىغانىدى.

بىز ئايلىنىۋاتقان ھازىرقى زامان سەنئەت گالېرىيەسى دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل، تۈرى ئەڭ تولۇق سەنئەت گالېرىيەسى بولۇپ، 1929 - يىلى قۇرۇلغان، 2006 - يىلى ياپونىيەلىك لايىھەلىگۈچى يوشىئو تانىگۈچى تەرىپىدىن قايتا لايىھەلەنگەنىدى. ئالتە قەۋەتتە 150 مىڭ خىل سەنئەت ئەسىرى قويۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە 20 - ئەسىر سەنئىتىگە تەۋە ئەسەرلەر كۆپرەك. ھەيكەلتەراشلىق، رەسىم، باسما بۇيۇم، فوتوگرافىيە، تاراتقۇ سەنئىتىگە دائىر ھەرقانداق ئەسەر ئاساسەن تېپىلىدۇ. 5 - قەۋەتتە رەسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىق ئۈچۈن، 3 - قەۋەت ئارخىتېكتورلۇق ۋە لايىھەلەش كەسپى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان. 3 - قەۋەتتە مان رىي، ۋالكېر ئېۋانس قاتارلىق داڭلىق فوتوگرافلارنىڭ ئەسەرلىرى بار، تاراتقۇلاردىن ئېلىنغان قىسقا فىلىم كۆرۈنۈشلىرى، ئىماگلارمۇ تېپىلىدۇ.

ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى قويۇلغان قەۋەتنى ئايلىنىۋېتىپ بالزاكنىڭ ھەيكىلىنى ئۇچراتتىم. ھازىرقى زامان رەسىم رايونىنى ئاختۇرۇۋېتىپ ۋانگوگنىڭ (1853 — 1890) «بىر جۈپ ئاياغ» دېگەن رەسىمنى ئۇچراتتىم. ئادىل تۇنىيازنىڭ «ۋانگوگنىڭ ئايىغى» دېگەن شېئىرنى ئوقۇغان بولغاچقا، بۇ رەسىمگە ئالاھىدە قىزىقىپ قارىدىم. رەسىمدە بوغقۇچى ۋە قونچى پەسكە ساڭگىلىغان كالتە قونجلىق ئۆتۈكنىڭ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ تۇرغان ھالىتى سىزىلغان. رەسىم قارىماققا ناھايىتى ئاددىي، چۈشەندۈرۈشىدە رەسىمنى ۋانگوگنىڭ ھاياتىدىكى قىيىن چاغلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ ئىزاھلاپتۇ. مەلۇماتتا دېيىلىشىچە، دەسلەپتە سېتىۋالغاندا ئاياغ ۋانگوگنىڭ پۇتىنى ئۇپرىدانلا قىستىغان، ئەمما رەسسام ئاياغنى قېيىشىپ كىيگەن. بۇ رەسىم ئارقىلىق ناھايىتى جىمجىت بىر ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن. چۈشەندۈرۈشىدە «رەسىم مېھنەتكەش، جاپاكەش كىشىلەرنىڭ مۇشكۇل ھاياتىغا سىمۋول» دەپ يېزىلغانىدى.

ئادىل تۇنىيازنىڭ يېقىندىن نەشردىن چىققان «تاشقا سۆزلەۋاتقان ئادەم» دېگەن شېئىر توپلىمىدا «ۋانگوگنىڭ ئايىغى» دېگەن شېئىردا مۇنداق مىسرالار بار:

خۇدا ئىككى پۇت سىزدى
ۋانگوگنىڭ جۈپ پۇتىنى،
بىر جۈپ ئاياغ سىزدى ۋانگوگ
مەشھۇر رەسسام ئاتىدۇق.
بىر جۈپ ئاياغ شۇ تاپتا
رەڭسىز قاراپ تۇرماقتا.
چىدىيالماي قاراشقا
بىر جۈپ كونا ئاياغقا،
يۈرەك باغرىم ئېزىلىپ
ئېلىپ ماڭدىم مايلاشقا
رەسىمدىكى ئاياغنى.
بەش قەبلىگە پارچىلانغان بىر پۇت،
دورىلىق ئوت - چۆپتەك پۇرىقى،
تەر، مەھكۇملۇق، ئازاب پۇرىقى.
ئېگىزلىكتىن چۈشۈۋاتقان بەش شارقىراتما.
ھەر قېتىمدا بەش قېتىم ۋارقىرىغان پۇت.
ئەكس ساداغا تولغان ئاياغلار.
موزدۇز قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ
بىگىزنى تىقىپ شېئىر پۈتۈپ قويغان ئاياغلار.
...

ۋانگوگنىڭ نيۇيورك سەنئەت سارىيىغا قويۇلغان «يۇلتۇزلۇق كېچە» ناملىق رەسىمدە كېچىنىڭ ئاسمان مەنزىرىسى ئارىلاشقان تەبىئەت كۆرۈنۈشى سىزىلغان بولۇپ، بۇ رەسىم ۋانگوگنىڭ 1899 - يىلى روھىي كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن سىزغان ئەڭ مەشھۇر رەسىملىرىدىن بىرى ئىكەن. رەسىمنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئاسمانغا بوي سوزۇپ تۇرغان بىر ئارچا دەرىخىمۇ سىزىلغان.

پابلو پىكاسسو (1881 — 1973) ئىسپانىيەلىك داڭلىق رەسسام بولۇپ، 20 - ئەسىر مودېرنىزم سەنئىتىنىڭ داڭلىق پېشۋاسى. ئەسەرلىرىدە ھەر خىل تەلىمات ۋە ھەر خىل ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ھېمىڭۋاينىڭ دەسلەپكى ئۇستىسى، مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى، ئامېرىكىلىق ئايال يازغۇچى گېترۇد ستەيىننىڭ پورترېتى سىزىلغان رەسىمگە ئۇزاق قارىدىم. 1905 - يىلى پارىژدا تۇرۇۋاتقان چېغىدا پىكاسسو يازغۇچى گېترۇد ستەيىننىڭ سەنئەت گالېرىيەسىدە تونۇلىدۇ. ستەين ئۇنى قوللايدۇ. كېيىن گېرمان سەنئەت يىغىپ ساقلىغۇچىسى دانىل ھېنرى كانۋېيلېرنىڭ يۆلىشى بىلەن پىكاسسونىڭمۇ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. رەسىملەر قاتارىدا يەنە پىكاسسونىڭ ئاشۇ سەنئەت سودىگىرىنىڭ پورترېتىنى ياراتقان رەسىممۇ قويۇلغان.

سەنئەت سارىيىدا ھەش - پەش دېگۈچە تۆت سائەت ئۆتۈپ كەتتى. 5 - قەۋەتتىن سىرتقا قارىسام مۆلدۈر ئارىلاش قار

ياغقىلى تۇرۇپتۇ. ئاللىبۇرۇن كەچ كىرىپ كەتكەنىدى، نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ مېترو بېكىتىگە ماڭدۇق.

5

بىر ئاي ئۆتۈپ بىز زىيارەت قىلغان مېترو بېكىتىدە ئېچىنىشلىق بىر تىراگېدىيەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئامېرىكا تېلېۋىزىيەسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، نيۇيورك دائىرىلىرى 2012 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېرىكا مېندېز ئىسىملىك 31 ياشلىق ئايالنى «بىر مۇسۇلماننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ نەپرەت جىنايىتى ئۆتكۈزدى» دېگەن ئاساس بىلەن سوتلىغان. جاۋابكار سوتتا مۇنداق دېگەن: «مەن بىر مۇسۇلماننى مېترو بېكىتىدىن مېترو يولىغا ئىتتىرىۋەتتىم. چۈنكى مەن مۇسۇلمانلارغا ئۆچ. ئۇلارغا 2001 - يىلدىكى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بېرى نەپرىتىم بار.» سۇنادو سېن ئىسىملىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھىندىستانلىق مۇسۇلمان بولۇپ، ئارقىسىدىن ئىتتىرىلگەچكە، ئۆزىنى قوغداشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي مېترونىڭ رېلىسىغا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. نيۇيورك شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باياناتچىسى پاۋل بروۋىن بايانات ئېلان قىلىپ بۇنداق ۋەھشىيانە قىلمىشنىڭ مەدەنىي بىر دۇنيادا قوبۇل قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغان ئېغىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى.

خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋاقتىم بىز بىر ئائىلىنىڭ نيۇيوركتىن يېڭى قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمىز بولغاچقا، بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈپ تاراتقۇلاردىن خەۋەر ئىزدىدىم. دېگەندەك ئايالنىڭ نەپرەت جىنايىتى پەيدا قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەيىبلەش سادالىرى تاراتقۇلارنى بىر ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئىشلەنگەن ھاقارەتلىك فىلىم ئامېرىكىدا تارقىلىپ پۈتۈن دۇنيادا زور زىلزىلە ھەم چۇقان پەيدا قىلغاندىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ ۋەقە بولغاچقا، مەن بۇ ھەقتە ئويلانماي تۇرالمىدىم.

مۇھەببەت ئەمەس، نەپرەت ئۇرۇقى تېرىلىدىغان بىر دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قاچان كېيىنكى قېتىملىق زىيانكەشلىك ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشى بىر ئاقىلانىلىك. بۇ ئامېرىكىلىق ئايالنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىك 2001 - يىلدىكى ۋەقەدە بىخلانغان ۋە توپتوغرا 11 يىلدىن كېيىن تىراگېدىيە پەيدا قىلغان. يەنە قانچىلىغان ئامېرىكىلىق ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن قارشىلىق ۋە نەپرەت تۇيغۇسىنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلماننىڭ 2001 - يىلدىكى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسى بىلەن ئالاقىسى يوق. ئەمما ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئايالنىڭ قەلبىدە بۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ئۆچمەنلىك 11 يىل بۇرۇنقى ئاخبارات خەۋەرلىرىدە بىخلانغان، ئەمدى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ يەنە قانچىلىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋە خىرىستىيان ئاشىقلىرىنىڭ قەلبىدە رېفلېكس ۋە دوراش پسىخىكىسى پەيدا قىلىدىغانلىقى، قانچىلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىك بىخلىتىدىغانلىقىنى ھازىرچە پەرەز قىلىش تەس. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، پاجىئە بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. بىر نەپرەتلىك ھەرىكەت تاراتقۇدا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن يوشۇرۇن ئاپەت ياكى كېيىن بىخلىنىدىغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى پەيدا قىلىدۇ. بەلكىم ئۇ ئايال 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدە قازا قىلغان بىرەرسىنىڭ تۇغقىنىدۇر ياكى تاراتقۇلاردىن شۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى كۆرۈۋېرىپ، مۇسۇلمانلارغا ئۆچ بولۇشقا مايىل بولغاندۇ. بۇ مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى نېمە ئۈچۈن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ نەپرەت جىنايىتىگە چېتىلىپ زەنجىرسىمان ۋەقەلەرنىڭ قۇربانى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش. يەنىمۇ مۇھىمى، دەۋرىمىزدە سۈنئىي ئۆستۈرۈلۈۋاتقان نەپرەت گۈللىرى ھەققىدە ئويلىنىش.

«دۈشمىنىڭنى سۆي!» گېگىلنىڭ بىر پەلسەپە ئەسىرىدە مۇشۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ. لېكىن رېئاللىقتا ئادەمنىڭ ئۆز دۈشمىنىنى سۆيمىكى ئاسان ئەمەس. ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى قەلبىدە بىخلاپ چوڭ بولغان بىر ئادەمنىڭ بۇنداق قىلىشى تېخىمۇ تەس. ئەمما ئىنسانلار 21 - ئەسىرگە كىرىپمۇ ئەڭ پاجىئەلىك ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان 20 - ئەسىردە نەپرەت تۈپەيلى پەيدا بولغان ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەردىن ساۋاق ئالمىدى، تىراگېدىيە يۈز بېرىۋاتىدۇ، يەنە يۈز بېرىدۇ؛ 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئاتا - ئانىسىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلغان ئۆسمۈرلەر مانا ئەمدىلىكتە ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان بولسا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى نەپرەت تۇيغۇسى جەمئىيەتتىكى رىقابەت داۋامىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئون يىللاردىن كېيىن يەنە نېمە جىنايەت يۈز بېرىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

نەپرەت ئۆگىتىلىدۇ،
نەپرەت ئېچىتىلىدۇ،
تاراتقۇلار نەپرەت گۈلىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ،
نەپرەتنىڭ ئىسخېمىسىنى سىياسىيونلار لايىھەلەيدۇ، ئۇنىڭ دەردىنى ئاۋام تارتىدۇ.

---

ئاپتور: جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.



# خىيانەتچى ئەمەلدارلار قانچە ۋاقىتتىن كېيىن تۇتۇلۇۋاتىدۇ؟

«تۇنجى قېتىملىق چىرىكلىشىش قىلمىشىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 47، 48 ياش. كېسەل تۇرسىمۇ ئۆستۈرۈلگەن ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىرىكلىشىش ۋاقتى ئون يىل ئەتراپىدا بولۇپ، مۇتلەق كۆپى بەش يىلدىن 15 يىل ئارىلىقىدا بولۇۋاتىدۇ.» 2012 - يىل 12 - ئاي ئوتتۇرىلىرىدا ئېلان قىلىنغان «‹كېسەل› تۇرسىمۇ ئۆستۈرۈلگەن ئەمەلدارلارنىڭ تۇنجى قېتىم خىيانەت قىلغان ۋاقتى مۇتلەق كۆپىنىڭ 47 ياش» دېگەن خەۋەر ناھايىتى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. «پېشىۋا» ئىسمىدىكى بىر تورداشنىڭ ئوبزورىدا: «جۇڭگولۇق ئەمەلدارلار ھەقىقەتەن بەختلىك، ئۇلار خىيانەت قىلىپ ئون يىلدىن كېيىن تۇتۇلىدۇ، ئۇلار ياشىغىنىغا لايىق دەسمايىسىنى تېپىۋېلىۋاتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا ئون يىلدىن قانچىسى بولىدۇ؟» دېگەن.

ئۇ خەۋەرنىڭ كېلىش مەنبەسى شياڭگاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي پەنلەر كافېدراسىنىڭ دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ليۇ جيۇلوڭنىڭ جۇڭگو 2 - نۆۋەتلىك پاكلىق تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن «جۇڭگونىڭ ئىچكى قۇرۇلۇقىدىكى ‹ئاتتىن چۈشكەن› ئەمەلدارلارنى ‹كېسەل› تۇرۇپمۇ ئۆستۈرۈش ھادىسىسى توغرىسىدا تەتقىقات» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ تەتقىقات دەپ ئاتىلىدۇ) ئوبزورىدا دېيىلگەن. ليۇ جيۇلوڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 2011 - يىل 11 - ئايدىن باشلاپ قول سېلىپ ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشكەن بولۇپ، «ئاتتىن چۈشكەن» 43 نەپەر ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدار دېلوسىنىڭ كېلىش مەنبەسى 2002 - يىلدىن 2011 - يىلغىچە بولغان «ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، «ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يىللىق خىزمەت دوكلاتى»، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىقىنىڭ خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى، «دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان چوڭ دېلولاردىكى مۇھىم ئىندېكس (ئاچقۇچ)»دىن، شۇنداقلا تورلاردىن ئىزدەپ تاپقان ئەشەنچلىك ماتېرىيال.

## «كېسەل» تۇرسىمۇ ئۆستۈرۈش

ليۇ جيۇلوڭنىڭ بايقىشىچە، چىرىكلەشكەن ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى — «كېسەل» تۇرسىمۇ ئۆستۈرۈلۈشى ئىكەن، ئۇلاردا بىرىنچى قېتىم چىرىكلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندىن كېيىنمۇ بىردەك دەرىجە بويىچە ئۆستۈرۈلگەن.

ليۇ جيۇلوڭ قولغا چۈشۈرگەن ئۆرنەك ئۆلچەملىرى تۆۋەندىكىدەك: ئۆستۈرۈلگەن چاغدىكى ۋەزىپىسى ئۆلكە، مىنىستىرلىقنىڭ مۇئاۋىنى ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار؛

تەرجىمە كۆزنىكى

ئۇلارنىڭ خىيانەتچىلىكىنىڭ پاش بولغان (بايقالغان) ۋاقتى 2002 ـ يىلدىن كېيىن؛ 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن بىرىنچى قېتىملىق سوراق (تەكشۈرۈش) نەتىجىسى چىققانلار؛ جىنايىتى پارا ئېلىش جىنايىتى ياكى خىيانەتچىلىك جىنايىتى؛ بىرىنچى قېتىملىق چىرىكلىشىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن دەرىجىسى بويىچە ئۆستۈرۈلگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى تۆت ماددىغا ماس كېلىدىغان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدار 51 نەپەر بولۇپ، تولۇق ماس كېلىدىغىنى 43 نەپەر. باشقىچە ئېيتقاندا، 2002 ـ يىلدىن 2011 ـ يىلغىچە «ئاتتىن چۈشكەن» ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىچىدىن «كېسەل تۇرسىمۇ ئۆستۈرۈلگەن»لەرنىڭ نىسبىتى %84 بولغان.

ئەۋرىشكە (نۇسخا)لىق «چىرىكلىشىش ھادىسىسى تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن» ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسىدىن قارىغاندا، نازىر دەرىجىلىك ئەمەلدار %50 (21 نەپەر)گە يېقىن، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك ئەمەلدار 12 نەپەر؛ ئاخىرقى دەرىجىسىدىن قارىغاندا، مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكلەرنىڭ نىسبىتى %75 (31 كىشى) بولغان.

تەتقىقاتتىن بايقىلىشىچە، فەن گۇاڭيەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى شەندۇڭ شۆبىسى ئىناۋەتلىك قەرز باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىق ئەمىلىدىن شەندۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغىچە، چېن لياڭيۈ شاڭخەي خۇاڭپۇ رايونىنىڭ باشلىقلىقىدىن دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆستۈرۈلۈپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغانغا قەدەر تۆت دەرىجە ئۆستۈرۈلگەن، بۇ ئىككى دېلو 43 دېلو ئىچىدە ئۆسۈش ئەڭ زەپ بولغان ئىككى دېلو ئىكەن.

بۇ خىلدىكى «كېسەل بولسىمۇ ئۆستۈرۈش»نىڭ سەۋەبىنى ليۇ جيۇلوڭنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، چىرىكلەشكەن كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپى باشقىلارنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئۆستۈرۈلىدىغان قاتارغا كىرگۈزۈلگەن. چۈنكى، مەلۇم بىر كادىر مەلۇم مىنىستىر دەرىجىسىنىڭ مەلۇم ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورنىدا خىزمەت قىلىپ، 20 يىلدىن 30 يىلغىچە شۇ ئورۇندىكى كىشىلەر بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى ۋە مەنپەئەت تورى ئورنىتالايدىكەن.

يۇقىرىقىدەك مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق شەكىللەنگەن رې-غاللىق بولسا، بۇ ئەمەلدارلار شۇ جايدا «يۇقىرى ئابرۇي»غا ئىگە بولۇپ، قول ئاستىدىكى بىر قەدەر كۆپ «سادىق ئەمەلدار»لارنىڭ كۆرسىتىشى جەريانىدا مەسىلىسى ئوڭاي ئاشكارىلانمايلا قالماي، ئەكسىچە ئۇچۇرلارنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشى سەۋەبلىك، ئەمەلىي ئىپادىسىدىنمۇ «مۇنەۋۋەر» بولۇپ كېتىدىكەن... ئاشۇ ئۆرنەك قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن 43 ئادەم ئىچىدىن ئوخشاش ئورۇنغا ئۆستۈرۈلگىنى 37 نەپەر ئىكەن. «كېسەل تۇرسىمۇ ئۆستۈرۈلگەن»لەرنى مەركەز خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن.

## چىرىكلىشىش ۋاقتى

ئۆلكە دەرىجىلىك 43 نەپەر ئەمەلدار ئىچىدە «تۇنجى قېتىملىق چىرىكلىشىش قىلمىشىنىڭ يۈز بەرگەن» چاغدىكى ئوتتۇرىچە يېشى 47، 48 ياش، «ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق چىرىكلىشىش قىلمىشى يۈز بەرگەن» ۋاقتىدىكى ئوتتۇرىچە يېشى 57 ياش، بايقالغان چاغدىكى ئوتتۇرىچە يېشى 58 ياش بولغان. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «كېسەل تۇرسىمۇ ئۆستۈرۈلگەن» ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىرىكلەشكەن ئوتتۇرىچە ۋاقتى ئون يىل ئەتراپىدا بولغان.

ليۇ جيۇلوڭنىڭ ئېيتىشىچە، يۇقىرىقى سان ـ سېپىرلار ئۇنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغان. ئۇ « 47 ياش دېگەن ياش مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن خېلىلا يۇقىرى... ئۇلارنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، چىرىكلىشىشكە ئىمكان بولىدىغان يېشى بەلكىم 30 نەچچە ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇلار مەلۇم بايلىققا ئىگە بولغان. مېنىڭ مۆلچەرىمچە، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا چىرىكلەشكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىسپاتلارنى ئالغىلى بولماسلىقى مۇمكىن، ئىككىنچىدىن، ھازىرقى سوممىسىمۇ ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشكە يېتىپ ئاشىدۇ» دېگەن.

47، 48 ياش دېگەن ۋىلايەت، نازارەت، ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلارغا نىسبەتەن ياش، ئىستىقبالى بار ياش، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىيلار قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، 22 يېشىدا تولۇق كۇرسنى پۈتكۈزگەن بىر ئىستۇدېنتنى دەرىجە ئاتلاپ ئۆستۈرمەي، ئادەتتىكى تەرتىپ بويىچە ئۆستۈرگەندىمۇ، نازىر دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن 25 يىل كېتىدىغان بولۇپ، دەل 47 ياش بولىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، «كېسەل تۇرسىمۇ ئۆس-

تۇرۇلگەن» ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنسەپ تۇتۇش يولى ئوڭۇشلۇق بولغانلار قاتارىغا كىرىدۇ.

لىۋ جيۇلوڭ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىدە «نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك بىر كادىرغا نىسبەتەن قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان چاغ بولۇپ، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك بىر كادىر يۇقىرى سىياسىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان چېغى ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتتە چىرىكلىشىش پۇرسىتى زور ئاشقان مەزگىلى بولىدۇ...» دەپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، لىۋجيۇلوڭ «ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىكلەر چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا پەقەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان نازارەتكە تايىنىدىغان بولغاچقا، ئۈستقۇرۇلما سىرتىدىكى نازارەتنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچى بولمايدۇ»كەن دەپ قارىغان.

## مۇددىئاغا بولغان ئانالىز

«كېسەل تۇرسىمۇ ئۆستۈرۈلگەن» 43 نەپەر ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرنىڭ تۇنجى قېتىم چىرىكلەشكەن چېغىدا يەنىلا ئۆستۈرۈلۈش بوشلۇقى بار چاغ. شۇڭا لىۋ جيۇلوڭ «كېسەل تۇرسىمۇ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلگەن رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ چىرىكلىشىش غەرىزىنى ‹سىياسىيدىن رايى قايتىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇقلىۋېلىش› پسىخىكىسى سەۋەب بولغان دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ» دەپ قارايدىكەن.

يۇقىرىقى 43 نەپەر ئۆلكە دەرىجىلىكلەر ئىچىدىن 38 نەپىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى خىيانەت قىلغان ھارام مۈلكىنى قايتۇرۇشقا بۇيرۇلغانلار بولۇپ، بۇنىڭدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاشۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىشىش مۇددىئاسىنى پۇل، مال ـ دۇنيا بىلەن ئېھتىياجىنى قاندۇرغان دەپ چۈشەندۈرۈش بىرئاز قىيىن. بۇ ھەقتە لىۋ جيۇلوڭنىڭ قوللايدىغان ئەڭ ئىمكانىيەتلىك چۈشەندۈرۈش نىسبەتى تارتىۋېلىش ھېسسىياتىدىكى نەزەرىيەسى: «بىزنىڭ ئېرىشىش ھوقۇقىمىز بار، ئەمما ئىلكىمىزدە تۇتالمايمىز!» دېگەندىن ئىبارەت.

ئۆرنەك ئىچىدىكى ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سەركەردىلىرى، ئۇلار جەمئىيەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ۋە نام ـ ئابرۇيغا ئىگە، شۇڭا ئۇلار بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى جەريانىدا بۇرۇنقى ئورنى بىلەن ئىقتىسادىي سەركەردىلىكنى سېلىشتۇرۇش جەريانىدا بىر خىل ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ھېسسىياتىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئۇلارنى ئاچ كۆزلۈك (نەپسانىيەتچىلىك)كە يېتەكلەپ چىرىكلىشىش مۇددىئاسىنى شەكىللەندۈرگەن.

نەتىجىدە، قىسمەن چىرىكلەشكەنلەر بىلەن ئىقتىسادىي سەركەردىلەر سىياسىي سەركەردىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشقان، يەنى ئاتالمىش «ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى» مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

لىۋ جيۇلوڭنىڭ تەتقىقاتىدا، تۇنجى قېتىم چىرىكلىشىش قىلمىشىنى سادىر قىلغان 43 نەپەر ئەمەلدار پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەدلىيە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىكەن. لېكىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپە ئىچىدە 12 كىشى دائىمىي كومىتېت، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىسبىتى 28% نى ئىگىلىگەن.

«ھوقۇقى قانچىكى چوڭ ئورۇندا ئىشلىگەنلەردە چىرىكلىشىش ھادىسىسى شۇنچە كۆپ يۈز بەرگەن بولۇپ، جۇڭگودا يەنىلا سىياسىي رىئاللىق، ھوقۇق چىرىكلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، مۇتلەق ھوقۇق مۇتلەق چىرىكلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت ئەھۋاللار يەنىلا خېلى مۇكەممەل چۈشەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە» دەيدۇ لىۋجيۇلوڭ.

لىۋ جيۇلوڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن ئىنكاس ئۇنى بەكلا خاتىرجەم قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇر بولغان ـ بولمىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ مۇنداق دېگەن:

«مەن بۇنى تەتقىق قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئويلىغان بىرىنچى مەسىلە، ھاكىمىيەت تەتقىقاتىدىكى چەكلەنگەن رايون ئۆزۈمنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك زور بولمىسىمۇ، تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارغا ئىگە بولالىدىم؛ ئىككىنچى، ماتېرىيال مەنبەسى يەنىلا بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئېلان قىلىنغىنى بەلكىم تاللاپ ئېلىنغان ماتېرىياللار بولۇشى مۇمكىن.»

لىي چيۇ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما خەنزۇچە «بۈگۈنكى شىنجاڭ» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە سانىدىن **راخمانجان رۇسۇل** تەرجىمىسى

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىدە

# جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇشاللىقىنى تارتىۋالغان زادى كىم؟

نۆۋەتتىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ (ياشانغانلار بولسۇن، ياشلار بولسۇن) تۇرمۇشى ئەندىشە، بىئاراملىقتا قالدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پۈتكۈل مەملىكەت ئىچىدە 50 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم ئەندىشە قىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. ئۇنداقتا زادى كىم جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇشاللىقىنى تارتىۋالغاندۇ؟

**ئەمدى قەدىمىنى توختاتمىسا بولمايدىغان يۇقىرى ئۆي باھاسى**

يېقىنقى يىللار مابەينىدە، جۇڭگونىڭ ئۆي باھاسى بەئەينى كىشى كۆكتىكى ئۈچار ماشىنىغا ئولتۇرغاندەك ئېگىزلەپ [illegible] بولۇپ، ئاددىي رەئىيەتنىڭ تۇرمۇش بېسىمىنى ئارتتۇرۇۋەتتى. «ئۆي قۇللىرى» ھەر ئايدا تۆلەيدىغان يۇقىرى سوممىلىق ئۆي قەرزىنىڭ دەستىدىن نەپەسلىنەلمەيلا قېلىشـ[illegible]، ئۇلار پەقەت ئەسلىدە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە تېگىشـ[illegible]ـلك بولغان ئىستېمالى ۋە مەبلىغى ئارقىلىق بۇ غەمدىن خالاس بولۇشقا مەجبۇر بولۇشتى.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەرشئەلاغا چىقىشتىنمۇ قىيىن بولۇپ كەتتى**

«ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئەڭ قىيىن پەسلى»، «ئوقۇش پۈتكۈزۈپلا ئىشسىز قېلىش» دېگەندەك سۆزـ ئىبارىلەر ئاخبارات، خەۋەرلەر ئارىسىدا پات ـ پات كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان بولدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ئەمدىلا مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنتلار ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغان ئىش بولۇپلا قالماي، پېشقەدەم خىزمەتچىلەرمۇ دائىم ۋايىم يەيدىغان مەسىلىگە ئايلاندى. پېشقەدەملەر ياش ئىشداشلىرى بىلەن رىقابەتلىشىش، تەن ساپاسى بارغانسېرى تۆۋەنلەش بېسىمىدىن ئەندىشىگە چۈشسە، نەتىجە ـ ئەمەللىرى ئادەتتىكىچە بولغانلار شاللىنىپ كېتىش ياكى بولمىسا ياخشىراق ئىش ئورنىغا ئالمىشالماي ياكى ئالدىغا چىقالماي، يا كەينىگە يانالماي، ئوتتۇردا قېلىشتەك تەڭقىسچىلىك ئازابىنى تارتىش ۋەزىيىتى كۆنسايىن روشەنلىشىپ بارماقتا. ھۆكۈمىتىمىز گەرچە كۆپ خىل سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئېلان قىلىپ، بۇ ئەھۋاللارنى ياخشىلاشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى دېگەندەك بولمايۋاتىدۇ. بۇ ئىزتىراپ جۇڭگولۇقلارنى خېلى يىللاردىن بۇيان قىيناپ كەلمەكتە.

**يېمەكلىك بىخەتەرلىكى پۈتكۈل خەلقنى ئەندىشىگە سالماقتا**

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسىلىلىرى كۆپلەپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالدى، بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىشەنچ كىرىزىسىگە ئوت ئېچىپ قويماقتا، داڭلىق كارخانىلار، ئائىلى، ھەقىقىي گۇمپا، لى دۇن ئەتكەن چېيى، شىلڭ باكې، سېھىز پاقلان گۆشى قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدىن راك پەيدا قىلغۇچى ئامىللار تەكشۈرۈپ چىقىلدى. سۇدەنخۇڭ، مېلامىن سىلومىسى، ئازگال يېغى، بەتىنكە يار يېلىمى دېگەنلەرنىڭ ئىسمى چىقسىلا كىشىلەرنىڭ چىرايى تۈرۈلىدىغان بولۇپ كەتتى. شەھەر ئاھالىلىرى چار بازارلاردىن (تاللا بازارلىرىدىن) يېمەكلىك سېتىۋالغاندا، ئالاھىدە زېغىرلايدىغان، مەھسۇلات ماركىسى، ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقت، QS بەلگىسى دېگەنلەرنى پەش ـ چېكىتلىرىدىگىچە بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا بەزىبىر ئېھتىياتچان ئىستېمالچىلارنىڭ مەھسۇلات چۈشەندۈرۈلۈشى بىلەن مەھسۇلاتنى زېرىكمەي سېلىشتۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. نۇرغۇنلىغان شەھەر ئاھالىلىرى يەيدىغان نەرسىلەردىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى، ھېلى بۇ ماركىدىن چاتاق چىقسا، ھېلى ئۇ يېمەكلىكنى يېيىشكە بولمايدىغان بولغاچقا بەكلا ئارامسىزلىنىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسىلىسى پۈتكۈل ئاۋامنى ئەندىشىگە سالدى، دېگەن گەپ ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتكەن ئەمەس...

**مائارىپ غېمى پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي كېسەللىك بولۇپ قالماقتا**

ھەر خىل گېزىت، ژۇرناللارنى شۇنداقلا ئاچىدىغان بولسىڭىز، بەتلەرنى بىر ئالغان ھەررەڭ ـ سەررەڭ مائارىپ ئېلانلىرىنى كۆرۈپ تۈگىتەلمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن؛ بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئاز قالغاندا، تۈرلۈك «تەكرارلاش سىنىپلىرى»، «يۇقىرى نومۇر سىنىپلىرى» دېگەندەك

لەرنىڭ ئېلانلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ تۇرىدۇ.
ئەمەلىيەتتە بولسا بۇنداق سىنىپلار بەكلا بۇرۇن ئېچىلىشقا
باشلايدۇ، ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغان بالىلارمۇ يىللىق
ئوقۇش پۇلى تۆمەن يۈەندىن ئېشىپ كېتىدىغان دەسلەپكى
ماھارەت سىنىپلىرىنى كۆتۈرگە ئېلىنىۋېلىشقان، بەزى ئاتا-
ئانىلار باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى، مۇناسىۋەت، پۇل دېگەندەك
يوللار ئارقىلىق بالىلىرىنى داڭلىق مەكتەپ، داڭلىق يەسلى
دېگەنلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ بىر ھەپتە يەتتە كۈننىڭ ھەم-
مىسىدە دېگۈدەكلا بالىلىرىنى ئالتە، يەتتە خىل ماھارەت يې-
تىشتۈرۈش سىنىپلىرىغا بېرىشىدۇ؛ شەنبە، يەكشەنبىلىك تەك-
رارلاش سىنىپلىرىنىڭ قايسىلىرىغا قارىسىڭىز خېرىدارسىز
ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كەينىدە قېلىشنى
خالىمايدۇ، ئىككى نومۇرى كەم 100 نومۇر ئالغان بالىلار-
مۇ ئىككى سائەت تۇرۇش جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ،
تېخى يولۋاس ئانا، بۆرە دادىلار دېگەندەك پاراڭلار پەقە-
تلا ئۈزۈلمەس بولدى... ئاتا - ئانىلار ئولتۇرسا - قوپسا با-
لىلىرىم يېڭىلىپ قالارمۇ، مېنىڭدىن كۈچلۈك بولالماي
قالارمۇ دەپ ۋايىم يەيدىغان بولۇپ قالدى؛ ئىلغار سايلە-
نىش، ئۆسۈش، مۇكاپاتلىنىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بالى-
لارنىڭ نەتىجىسى بىلەن چېتىشلىق بولغاچقا، بالىلىرىنى يۇ-
قىرى نومۇر ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىشكە
مەجبۇر بولۇپ قالدى. جەمئىيەتنىڭ ئەندىشىسى: پەللىدىن
چىققاندىلا ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. قانداقتۇر سەۋەب-
نى چۈشەنگىلى بولمايدىغان تۈرلۈك - تۈمەن مائارىپ غەم-
لىرى مانا بۇ ئەندىشىدىن شاخلاپ كەلگەن ، ئەلۋەتتە.

**مۇھىت بۇلغىنىش — ئىسمىنى ئاڭلىسىلا قاپاق تۈ-
رۈلىدىغان يەنە بىر ئەندىشىدۇر**

ئاتموسفېرا بۇلغىنىشى، زاۋۇتلاردىن چىققان كېرەكسىز
گازلاردىن بۇلغىنىش دېگەندەك تالاي بۇلغىنىشلار تۇپەيلى
تۇرالغۇ مۇھىتىمىز بارغانسېرى ناچارلاشماقتا. ئەسلىمىلىرد-
مىزدىكى ياپيېشىل تاغلار، زۇمرەتتەك سۇلارنى ئەمدى
ئۇچرىتالمايمىز، دەريا، ئۆستەڭلەردىكى بۇلغىنىشتىن بولسا
كۆڭۈللىرىمىزگە ۋەھىمە يۈگۈرەيدۇ، سۈزۈك ئاسمان،
ساپ ھاۋالىق سەھەر دېگەنلەر بىز ئۈچۈن تۇتىيا كەبى ئە-
زىزلىشىپ كەتكەن، ئىس - تۈتەككە تولغان ئاسمان، قول-
مىزنى چىقىرىپ بەش بارمىقىمىزنى ئېنىق كۆرەلمەيدىغان
تۇمانلىق ھاۋارايى بولسا بىز ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس...
سىچۈەن توجاڭدىكى سۇنىڭ بۇلغىنىش ۋەقەسى، سۇڭ
خۇاجياڭ دەرياسىنىڭ بۇلغىنىش ۋەقەسى، جې جياڭ دۇڭ-
ياڭخۇا كەنت ئېقىنىنىڭ خىمىيەلىك بۇلغىنىش دېلوسى،
شەندۇڭ جىنەن سۇخې دەرياسىنىڭ ئارسېندىن بۇلغىنىش
ۋەقەسى دېگەندەك ئىشلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرماقتا...
جۇڭگودىكى بۇنداق ئېكولوگىيەلىك مەسىلىلەر كىشىنى چۆ-
چۈتىدىغان بولۇپ، مەيلى سىز نەگىلا قېچىپ بارماڭ، ئۇ
يەرنىمۇ بۇلغىنىش ۋەھىمىسىنىڭ مۇھاسىرىسىدە كۆرۈشىڭىز
تەبىئىي.

خەۋەرلەردە يەنە كۆرسىتىلىشىچە، يۇقىرىقىلاردىن
باشقا جۇڭگولۇقلارنى غەمگە سالغان باشقا ئەندىشىلەرمۇ
بار ئىكەن، ئىستېمالچىلار خىزمەت تاپالماسلىقتىن باشقا، يا-
تاقدىشىنىڭ زەھەرلەپ قويۇشىدىن، ئىمتىھاندىن ئۆتەل-
مەسلىكتىن، مۇھەببەت تاپالماسلىقتىن ئەندىشە قىلىدىكەن
يايمىكەشلەر بولسا، شەھەر باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ قوغلى-
شىدىن، كىچىك مۇشتۇمزارلارنىڭ قوغداش ھەققى تاپشۇ-
رۇشقا زورلىشىدىن ۋايىم يەيدىكەن؛ ئوتتۇرا ياشلىقلارنى
غەمسىزمىكىن دەپ قالماڭ، ئىش - ئەمىلىنىڭ ئۆسمەسلىكى،
ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىش كۈرىشىدىكى مەغلۇبىيەت دېگەن-
دەكلەر ھەرۋاقىت ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ تۇرىدىكەن،
ئاتا - ئانا بولغۇچىلار بولسا پەرزەنتلىرىنىڭ ھېلى ئۇ غېمى،
ھېلى بۇ غېمى ئۈچۈن ئىزتىراپ چېكىپ ئۆتىدىكەن...

يى مىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «مىكرو ھېكايىلەر ئايلىق
ژۇرنىلى» نىڭ 2013 - يىللىق 9 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

## ئۆيىنى ئولتۇرۇش ئۈچۈنلا سالامدۇ؟

مۇزىكىلىق ئارامگاھنىڭ ئايرىمخانىسىدا قەددى قامەت-
لىك، يۈزلىرى قىزىل كەلگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئەر
بىلەن چىرايىدىن سەل گۆدەكلىك، تەمتىرەش چىقىپ
تۇرغان ياش يىگىت — ئېرىلىك ئولتۇراتتى، ئۇلار تاغا-
جىيەن ئىدى، باشتا ياش يىگىت گەپ باشلىدى:
— تاغا، يېقىنىڭياقى سالغان ئۆيلىرىمىز ھېچقانچە سې-

تىلمىغاندەك قىلامدۇ نېمە؟ چاققانراق ئامالىنى قىلىسىڭىز بولاتتى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر جىيەنىگە مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى، باھاسى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان قىزىل ھاراقتىن ئىستاكانغا لىق تولدۇرۇپ يۇقىنى قويىماي پاك - پاكىز ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى بىر سىلكىۋەتتى - دە ئېرلىڭغا سۆزلەشكە باشلىدى.

— لىڭ زى، بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، سەن ئۆيىنى سېلىۋەرسەڭلا بولدى.

لىڭ زى يەنىلا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى ۋە يەنە سورىدى:

— تاغا، ئۇنچە كۆپ ئۆيلەرنى سالغىنىم بىلەن قانداق ساتىمەن؟

— سەن سولتەك نېمىنى بىلەتتىڭ، مېنىڭ ئۆي سېلىشىم ھەرگىزمۇ سېتىش ئۈچۈن ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ باھاسىغا چىقىشالايدىغان ئەخمەقلەرمۇ ساناقلىقلا، بىنا سېلىش پەقەت بىر ئابرۇي قۇرۇلۇشى، خالاس.

بۇلارنى ئاڭلاپ لىڭ زىنىڭ ئېغىزى o خېتى شەكلىگە كىردى، ئۇ قايمۇقۇپلا قالغانىدى:

— ئۇنداقتا پۇلنى قانداق قىلىمىز؟

— بانكىدىن قەرز ئالىمدۇق.

— قەرزنى قايتۇرمىساقمۇ بولامدۇ؟

— ئەگەر مەن بانكىدىن 500 مىليون قەرز ئالسام، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 200 مىليونغا بىنا سالارمەن، قالغان 300 مىليونى ماڭا قالامدۇ، ئۆيىنى يەنە ساتىمەن دەپ باش قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بارمىكەن، بىنا پۈتكەندىن كېيىن باھاسىنى ھە دەپ ئۆرلىتىمەن، 1 مىلياردقا چىقىرىمەن، خەق ئالامدۇ، ئالمامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، باشقىلارغا سوۋغا قىلىشنى بىلسەملا بولدى...

بۇ ۋاقىتتا ئېرلىڭنىڭ ئاغزىلا ئەمەس، كۆزلىرىمۇ يۇمىلاق شەكىلگە كىرىپ قالغانىدى.

تاغىسى ئازراق كەيپ بولغان چېغى، بىر تال سىگارت تۇتاشتۇردى، ئاجايىپ بىر نوچىلىق بىلەن شورىدى ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەگەر ساتالماي قالسام ئاشۇ «خەلقنىڭ چاكارلىرى» غا سوۋغا قىلىمەن...

لىڭ زى تاغىسىنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدى، كۆز چاناقلىرىدىن تاغىسىغا بولغان ھۆرمەت بالقىيتتى...

تاغىسى گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بىر نەچچە يۈرۈشنى ئاشۇ «خەلقنىڭ چاكارلىرى»غا سوۋغا قىلىمەن، ئەلۋەتتە تاغاڭغا ئوخشاش باشقا كىشىلەرمۇ نۇرغۇن ئۆيلەرنى سوۋغا قىلىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ «چاكارلار» نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان بولغاچقا، ئۆي باھاسنى چۇشۇرۇشكە كۆزى قىيماي، بىزنىڭ كەتمىنىمىزنى چېپىپ كېتىشىدۇ.

— ئۇنداقتا بانكىدىن ئالغان قەرزنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى لىڭ زى، تاغىسى جىيەنىنىڭ بېشىنى بىر - ئىككىنى نوقۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا:

— قايسى قەرزنى قايتۇراتتۇق، مەن ھازىرقى ئۆيلەرنى رەنىگە قويىمەن، شەھەرنىڭ مۇشۇ باھاسى بويىچە بولغاندا 1 مىلياردقا دېگىنە، ئاندىن يەنە بانكىدىن قەرز ئېلىپ يەنە بىر يۈرۈش بىنا سالىمەن، ۋاقتى كەلگەندە سەن سولتەك تاغاڭنىڭ سايىسىدە پۇل تېپىپ بېيىشنى بىلسەڭلا بولدى، — دېدى.

— ناۋادا بانكىنىڭمۇ پۇلى بولمىسا قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى لىڭ زى ئەنسىرىگەندەك قىلىپ.

— ئەنسىرىمە، ئۇ ۋاقىتتا دۆلەت جوقۇم پۇل باسىدۇ - دە.

— ھۆكۈمەت پۇل باسماي قالسىچۇ؟

تاغىسىنىڭ چىرايى مىزۇدە تۇرۇلۇپ كەتتى ۋە سەل ئاچچىقلاپ تۇرۇپ:

— پۇل باسمىسا بىزمۇ بانكىدىن قەرز ئالالمايمىز، بۇ چاغدا ۋەيران بولغانلىقىمىزنى جاكارلاپ، ئۆيلەرنى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز، ئەلۋەتتە تاغاڭنىڭ پۇللىرى ئاللىبۇرۇنلا چەت ئەل بانكىسىغا يۆتكىۋېتىلگەن... — دەپ جاۋاب بەردى غېمىدە يوقلا.

ئېرلىڭ نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالغانىدى...

ئەسلىدە ئۆي دېگەننى ئۇلتۇرغىلىلا سالىدىكەن - دە؟!...

يى مىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «مىكرو ھېكايىلەر ژۇرنىلى»نىڭ 2013 - يىللىق 9 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

# ھەقىقىي ئەركەك ئەزەلدىن خوتۇننى كەينىدىن تىللىمايدۇ

جاڭ سەن بىلەن لى سى دائىم بىللە ھاراق ئىچىشەتتى، كىچىكرەك قاۋاقخانىلارغا بىللە باراتتى - دە، تاماققا قەستەن ئۆيىگە قايتمايتتى. ئەمما زە، ئۇلار تا ھازىرغىچە خوتۇنلىرىنى كەينىدىن تىللاپ باققان ئەمەس، خوتۇننى كەينىدىن تىللاش دېگەن نېمە گەپ ئۇ، ھەقىقىي ئەركەك بۇنداق ئىشنى ئەسلا قىلمايدۇ. راستىنى دېگەندە، ئۇلار خوتۇنلىرىغا چىن يۈرىكىدىن ئۆچ ئىدى، ئورتاق ئۆچمەنلىك ئۇلارنى بىر يەرگە كەلتۈرگەنىدى.

جاڭ سەننىڭ خوتۇنىنى ئالساق لى سى ئۇنىڭ قادىاقلىقىنى بىلەتتى، لى سىنىڭ خوتۇنىمۇ جاڭ سەنگە «تونۇش» ئىدى، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى بار ئىدى، يەنى ئۆزىنىڭ ئېرىنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئېرى بىلەن تاكاللىشىشتىن تەپتارتمايتتى، ھەتتا كوچا - كويلاردىمۇ ئەرلىرىگە تىل سالالايتتى.

ئەرلەر يۈزىنى بەكلا ئاياپدۇ، ئۇرۇشقاق خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىپ قېلىش ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق ئىش، ئەلۋەتتە چىدىمساڭ قانداق قىلىسەن، ئۇلاردىن يىراقراق تۇرۇش كېرەك - دە!

شۇنداق قىلىپ جاڭ سەن لى سىنى، لى سى جاڭ سەننى تارتىپ يۈرۈپ دېگەندەك ئۇلارنىڭ قەدەملىرى ئىختىيارسىزلا قاۋاقخانىغا يول ئالاتتى، ھاراق بىلەن ئىچ پۇشۇقلىرىنى چىقىرىشاتتى. بىراق ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاران تېپىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خوتۇنلىرىنى تىللىمايتتى، ئەكسىچە خوتۇنلىرىنى ئەڭ گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن مەدھىيىلىشەتتى.

— مېنىڭ خوتۇنۇم ياش ۋاقتىدا دېگەن ئاجايىپ چىرايلىقتى، پەرىزاتتەك دېسەكمۇ مۇبالىغە بولماس، بولۇپمۇ يول ماڭغاندىكى قىياپىتى، نەپىس قەدەملىرى بىلەن تولغىنىپ ماڭاتتى، ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلىرى ساغرىسى ئۈستىدە سويلاپ تۇراتتى، مېنىڭ يۈرىكىممۇ ئاشۇ چاچلارنىڭ ئۆرۈمىسىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى، ھەي ئىسىت، — دېدى. جاڭ سەن ھاراقتىن بىر يۇتۇمنى غورتىدە يۇتۇۋېتىپ.

— مېنىڭ خوتۇنۇمچۇ، ئىككىنچى بوخۇلۇڭ ئىدى، كىنو ئارتىسى بوخۇلۇڭ قانداق بولسا، مېنىڭ خوتۇنۇممۇ شۇنداق ئىدى، گەپىنىڭ راستىنى ئېيتسام ئىستىبدات ۋە چىرايدا بوخۇلۇڭغا ئوخشايدىغان ئايال بىلەن توي قىلالىغىنىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بەختلىكمەن. لى سىمۇ بىر يۇتۇم ھاراقنى غورتىدە يۇتۇۋەتتى.

— شۇغىنىسى، خوتۇنۇم مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەستاغپۇرۇللا، دېمىسىمۇ ئۆززۇمدىن كەتتى، چۈنكى مەن زەردار باي ئەمەس، ئۇنىڭغا باۋمادەك ئېسىل ماشىنا ئېلىپ بېرەلمىدىم، ئۇنى بەختلىك قىلالمىدىم، دېدى جاڭ سەن ئۇھسىنىپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئازابتا، كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ئازابتا، ئەرلەرنىڭ ئازابى! — لى سىمۇ ئۇھ تارتىشقا چۈشكەنىدى.

ئىككىلا ئەر جىمىپ كېتىشكەنىدى، ئۇلار ئىستاكانلىرىنى سوقۇشتۇردى - دە، گۈپ قىلىپ ئىستاكانلىرىدىكىنى ئىچىۋېتىشتى.

ئۇلار دەردمەنلەر ھارىقىنى مانا مۇشۇنداق ئىچە - ئىچە ئۆزلىرىنى كەيپ قىلىپ قويۇشتى.

ئەمدى نۆۋەت ئىجتىمائىي ئورنىنى سۆزلەشكە كەلگەنىدى.

ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا مەدەنىيەت كادىرلىرى، مەدەنىيەت ساھەسىدە كۈننى كۈن ئېتىدىغانلاردىن ئىدى، روزدىغاردىكى نېمەتلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرمىغىنى بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلۈپمۇ قالمايتتى، پەقەت مۇشۇ جەمئىيەت ئۇلارنى بەكلا قايمۇقتۇرۇپ قويۇشقانىدى. جەمئىيەت كۆپ ئۆلچەملىك دەۋرگە قاراپ مېڭىۋاتاتتى. نېمىلا ئىش قىلماڭ، ئۆزىڭىزدىن گۇمانلىنىپ قالاتتىڭىز، ئەلۋەتتە ياخشى يېرى شۇ ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىلا سەنئەتنى، سەنئەتلىكنى قوغلىشىدىغانلار تېپىدىن ئىدى. گەرچە سەنئەت يولى ھەررەڭ - سەررەڭ مۇشكۇلاتلارغا تولغان بولسىمۇ، بۇ يولدا دائىم ئۆزلىرىنى تەنھا ھېس قىلىشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كېمىسى تېخى ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ھالەتكە بارمىغان، كۆزلىگەن نىشان تامان مۇشەققەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتماقتا ئىدى...

ئۇلار دائىم سەنئەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت ئۈستىدە سۆزلىشەتتى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە باش قاتۇرۇشاتتى، بۈگۈن جاڭ سەن كىتاب ئوقۇۋېتىپ،

ئاجايىپ چوڭ بىر بايقاشقا ئېرىشتى، ئۇ دۇنياغا مەشھۇر بولغان بىر سەنئەتكارنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى كۆرۈپ قالغانىدى: «ياخشى خوتۇن ئالغان كىشى سەنئەتكار بولۇر، ئەسكى خوتۇن ئالغان كىشى مۇتەپەككۇر بولۇر».

بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەن جاڭ سەن تۇۋلاپ تاشلىدى، شۇ ھامان ئۇلۇغ زاتنىڭ بۇ گېپىنى لى سىگە كۆرسەتتى، لى سى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ھاياجان بىلەن:

— ئىككى رومكىدىن ئىچىشەيلى! مەن مېھمان قىلاي، مەن مېھمان قىلاي، — دەپ كەتتى... شۇنداق قىلىپ ئۇلار سەكرەپ - تاقلاپ دېگۈدەك كىچىك قاۋاقخانىغا بىللە كىرىپ كېلىشتى.

— مۇشۇ بىر ئىبغىز گەپ ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتەيلى، — دەپ تەكلىپ بەردى جاڭ سەن سەممىيلىك بىلەن.

— مۇشۇ گەپ ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، — دەپ ئاۋاز قوشتى لى سىمۇ قىزغىنلىق بىلەن.

ئۇلار ھېلىقى زاتنىڭ گېپىنى مۇلاھىزە قىلىشماقتا ئىدى، ئۇ زات ھەقىقەتەن توغرا دەپتۇ، ھەر بىر ئەرنىڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى دەپتۇ، ئۇلار بۇرۇن ياخشى خوتۇن ئېلىپ، سەنئەتكارغا ئايلىنىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىشقانىدى، مانا ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن مۇتەپەككۇرغا ئايلىنىپ قېلىشتى! بۇنى كىمدىن كۆرگۈلۈك، ھەممە گۇناھ خوتۇن تاللىغاندا كۆزلىرىنىڭ كور بولۇپ قالغانلىقىدا، ئۆزلىرى ئەخمەقلىق قىلىپ، ئەسكى خوتۇن ئالغاندىكىن، مانا ئەمدى، مۇتەپەككۇر بولۇشقىلا بولىدۇ...

ئۇلار خوتۇنلىرىنى ئاغزىغا كەلگىنى بويىچە بىردەم تىللىۋېلىشتى، نەچچە ۋاقىتتىكى يۈرەكلىرىنى پۇچۇلۇۋەتكەن ئازاب ئەلەملىرى بىراقلا يوقىلىپ، پۇخادىن چىقىپ قېلىشتى.

قارىغاندا بۇرۇن پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئەيىبلەپ توغرا قىلماپتۇ، بۇنداق بولسا ئۇزۇل - كېسىل بولمىغۇدەك، بىراق خوتۇننى تىللاي دېسە، ئەرلەرنىڭ پەقەتلا يۈزى چىدىمىغان...

— ئايال خەق دېگەن كۆيۈنۈشكە يارالغان، ئۇرۇپ - تىللاشقا ئەمەس، — دېدى جاڭ سەن.

— ئايالالار گويا كى روياغا ئوخشايدۇ، ئەرلەر ئۇنى چالغاندا جەزمەن يېقىملىق كۈيلەرنى چىقىرىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ شاۋقۇن چىقىرىپ سالمىسۇن، — دېدى لى سىمۇ ئۇلاپلا.

گەپ يەنىلا جايىغا قايتتى، ھەممىنى خوتۇنلاردىن كۆرۈشكە بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ھەممە سەۋەنلىك يەنىلا ئەرلەردە ئىكەن.

ئەلۋەتتە ئەرلەر ئېسىل خوتۇنغا ئېرىشسە سەنئەتكار بولىدۇ، دېگەن گەپ. بۇ بىر شۈبھىسىز ھەقىقەتتۇر، سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، مەيلى كومپوزىتور بولسۇن، ئۇسسۇلچى، ناخشىچى، رەسسام، خەتتات، ھەيكەلتىراش، ئوپېراتور بولسۇن ھەممىسىدە چوقۇم ئېسىل سەنئەت كەيپىياتى (ھېسسىياتى) بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇلار رەزىللىكنى ئېسىل مۆجىزىگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدۇ، ھەتتا ئەۋلادمۇئەۋلاد نامى تارىلىشى مۇمكىن، بۇ خۇددى ھاراق ئىچكەنگە ئوخشايدۇ، ئېسىل ھاراقنى نازىنىنلار بىلەن ئۇلپەتلىشىپ ئىچسىڭىز ئاجايىپ كەيپ ئىچىدە مەردانىلىق بىلەن ئىچكەندەك. ئەپسۇسلۇقى شۇكى، بەزى ۋاقىتلاردا پەقەت ئېسىل ھاراقلار بار، نازىنىن يوق، بەزىدە بولسا نازىنىن بولسىمۇ ھاراق يوق، ئىشقىلىپ ھەرئىككىسىنىڭ تەڭلا تەل بولمىقى بەسى مۈشكۈل، بۇنداق ئەھۋالدا بىزنى پەقەت مۇتەپەككۇر بولۇشلا كۈتۈپ تۇرىدۇ، سەنئەتكار بولالمايمىز...

جاڭ سەن بىلەن لى سى بەكلا كۆپ ئىچىپ قويۇشتى، ئۇلار غەرق مەست بولۇپ كەتكەنىدى، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىم ئۇلار خوتۇنلىرىنى تىللاۋېلىشتى، خوتۇنلىرى يېنىدا بولمىغاندىكىن، قانداق تىللىغۇسى كەلسە شۇنداق تىللاشتى، كۆڭلى خۇشال بولسىلا بولاتتى.

ھاراقنى ئىچىپ بولۇشتى، خوتۇنلىرىنىمۇ قانغۇدەك تىللىۋېلىشتى - دە، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ماشىنىلىرىنى ھەيدىشىپ ئۆيىگە قايتىشتى.

جاڭ سەن ئۆيىگە كېلىپلا خوتۇنىنى قۇچاقلاپ كەتتى، خوتۇنى ئۇنىڭغا: «ئۇھۇي، ھاراق پۇراپ كېتىپسىز، ئۆتۈلۈڭ بۇياققا» دەپ ئىتتىرىۋەتتى.

لى سىمۇ مۇشۇنداق بولدى.

ئەتىسى ئۇلار يەنىلا ۋاقتىدا ئىشقا كېلىپ، ئىشخانىلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

تۈنۈگۈن ھاراق ئىچىشكەندىكى گەپ - سۆزلەر توغ-

رۇلۇق بىر ئۇچقۇنمۇ گەپ بولۇنمىدى.

ئۇلار يەنىلا يات ـ يات ئولىپەتلىشىپ ھاراق ئىچىشىپ تۇردى.

ئۇلار ئاشۇ ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ تۇرىدىغان مۇ-تەپەككۇرلار قاتارىغا قېتىلىپ كېتىشكەنىدى، بەزىدە ماخ-تايتتى، بەزىدە ئېغىزلىرىدىن چىققان گەپلىرى كىشىنى ھەيران ھەس قالدۇرۇشاتتى...

چېن دېلۇڭ ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «مىكرو ھېكايىلەر ژۇر-نىلى»نىڭ 2013 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

# كىشىنى قورقۇتىدىغىنى لۈكچەكنىڭ «مەدەنىي» بولۇۋېلىشى

ۋۇ سەن ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيەتتى، ھەمىشە يېزىم كېچىگىچە يازاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭ قاپقارا چاچ-لىرى پاخپىيىپ «يەرلىكنىڭ مەركىزىنى قوللىغىنىدەك» تۇسكە كىرىپ قالدى، ئەلۋەتتە ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن، يې-زىۋەرگەچكىمكىن، مانا ئەمدى ۋۇ سەننىڭ قەلىمى خېلىلا پىشىپ قالدى، ئەسەرلىرىمۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلى-رىدىكى ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلى-دى...

دەستە ـ دەستە ژۇرناللاردىكى ھەر خىل ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ۋۇ سەننىڭ خېلى يىللاردىن بۇيانقى خۇمارى بىر-دىنلا تۇتۇپ كەتتى، توغرا! ئەسەرلەر توپلىمى چىقىرىش كېرەك!

توپلام چىقىرىش دېمەككە ئاسان، شۇنىسى ھازىر كۆ-پىنچە توپلاملارنى ئاپتورلار ئۆز خىراجىتى بىلەن چىقىرىۋا-تىدۇ، ئادىدىيسى كىتاب نومۇرى سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا 20 مىڭ خەجلىمەي بولمايدۇ، بېسىش ھەققىنىڭمۇ ئامالىنى قىلىش كېرەك، ئايلىق كىرىمى 1000 يۈەندىن ئاشمايدىغان ۋۇ سەن ئۈچۈن كىتاب چىقىرىش راستىنلا يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىغانلىق، ھەي ئاشۇ لەنىتى پۇل...

ۋۇ سەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بەش كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى، خۇمارى بولسا ھېچ بېسىقماي دىمەيتتى، ئۇنىڭ يادىغا قوشنىسى ۋاڭ ئىدارە باشلىقى كېلىپ قالدى، ۋاڭنىڭ يازغانلىرى 3 ـ سىنىپ باللىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغىمۇ يەتمەيتتى، شۇنداق تۇرۇپ نېمىنلا يازسا بەئەينى نادىر ئە-سەرلەردەك ئېلان بولۇنۇۋەردى، بازارلىق ئەسەرلەر قاتا-رىغا تىزىلغىنىچۇ تېخى. يەنە كېلىپ مەلۇم بىرەيلەن تالىشىپ مەبلەغ سالدى، ۋۇ سەنچۇ؟ ئۇ مەبلەغ ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇيان چاپتى، بۇيان چاپتى، يەنىلا ئىزىدا سالپىيىپ تۇرۇ-ۋەردى!

مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ ئىچى پۇشۇپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە بازىرى چىققان يازغۇچى سەي ۋۇ كېلىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ:

ــ ئەگەر مەبلغىڭ بولمىسا يالغان كىتاب نومۇرى ياساپ، كىچىكرەك باسمىخانىلارغا بېرىپ، 1000 پارچە كىتاب باستۇر، بۇنداق قىلساڭ راست كىتابتەكلا چىقىدۇ، ھېچكىممۇ يالغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ، ــ دېدى.

سەي ۋۇ داڭ چىقىرىشتىن بۇرۇنقى كىتابلىرىنىڭ ھەم-مىسىنى مانا مۇشۇنداق چىقىرىپتىكەنمىش...

بۇ ئەقىل ۋۇ سەنگە مايدەك ياقتى، سەي ۋۇ ئۇنى ك چىكرەك بىر باسمىخانىغا باشلاپ ئاپاردى ـ دە، ئىشنى باشلاپ بەردى.

نەچچە كۈن بولا ـ بولمايلا كىتاب «نەشرىدىن چىقىپ بولغان» ئىدى، خۇش بولۇپ كەتكەن ۋۇ سەن بىر تال ئۈرنەك كىتابنى شۇنداقلا ۋاراقلاپ كۆرۈۋېدى، قوللىرى قاپقارا بولۇپ كەتتى، باسما مىيى شۇنچىلىك پۇرايدىكەنكى ئۆتكۈر زەھەرلىك خىمىيەلىك دورىدەك دىماقلىرىنى ئېچىش-تۇرۇۋەتتى.

«قانداق گەپ بۇ، مۇشۇنداقمۇ ئىش قىلامسەن، كۆتەر بۇنداق نېمەڭنى»، ــ دەپ ۋارقىرىدى ۋۇسەن ھې-لىقى كىتابنى ۋىڭگىدە چۆرۈپ تاشلىۋەتتى، ــ پۇلنىڭ قالغان يېرىمىنى بەرمەيمەن.

ھەممە ئىش كۆڭلىگە ئايان بولغاچقىمىكىن، خوجايىنمۇ ئارتۇق بىر نېمە دېمىدى ـ دە، ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ ۋۇ سەن 3000 يۈەن پۇل خەجلەپ 1000 پارچە بېسىلغان بىر پارچە ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشرىدىن چىقاردى، ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ كىتابى چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، شەھەردە تۇنجى نۆ-

ۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىق خەۋىرى تارقالدى، ۋۇ سەن بۇنى ياخشى بىر پۇرسەت دەپ ئويلىدى - دە، كىتابىنى كۆتۈرۈپ باھالاش كومىتېتىنىڭ كاتىپىنى ئىزدەپ ماڭدى.

ۋۇ سەن كاتىپ بىلەن خېلى يېقىن ئۆتەتتى، ئۇ كىتابتىن بىر نەچچە ۋاراق ئۆرۈپ قويۇپ: «ئەسەرلىرىڭىزنىڭ مەزمۇنىدا گەپ يوقكەن، بۇنى ئەلۋەتتە كۆزى بارلار بىلەلەيدۇ، بىراق باسمىسى ناچارراقكەن، ساختا نەشر بۇيۇمى ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇرىدۇ، مۇكاپاتقا ئىرىشمەكچى بولىدىكەنسىز، مۇدىرنىڭمۇ پىكرىنى ئېلىپ باقمىسىڭىز بولمايـ
ـدۇ...» دېدى.

ۋۇ سەن زېرەك ئادەم ئىدى، كاتىپ ئازغىنە بېشارەت بېرىپ قويۇۋېدى، 1000 يۈەنلىك پۇل خەجلەپ، چار باـ
ـاردىن (تالالا بازىرى)دىن نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋېلىپ
ـھالاش كومىتېتى مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

خېلى ئۇزاقتىن بۇيان بىرەر يەردىن نەپ ئالالماي
ـچى پۇشۇپ تۇرغان مۇدىر ۋۇ سەننىڭ قولىدىكى چوڭ، كىچىك خالتىلارنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى، توپلىمىنى خۇشياقار - خۇشياقماس ۋاراقلاپ قويۇپلا، ئۇنىڭغا «بۇنچىلىك ئىشتا چاتاق يوق» دەپ ۋەدە بېرىپ كەتتى.

دەرۋەقە يېرىم ئايدىن كېيىن مۇكاپاتقا نائىل بولغان كىتابلارنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، ۋۇ سەننىڭ كىتابى 1 - بولغاندى، ئۇنىڭغا 5000 يۈەن مۇكاپات بېرىلدى.

ۋۇ سەن چوڭ مۇكاپاتقا شۇنداقلا ئېرىشىۋېدى، نەشرىياتلار يۇقىرى قەلەم ھەققى بىلەن ئۇنىڭغا ئەسەر ئويۇشتۇرۇشتى، بىر يىلدىلا ئۇ بەش پارچە ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشردىن چىقىرىپ بولدى.

2 - قېتىملىق كىتاب باھالاش يېقىنى يېتىپ كەلدى، باھالاش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى دەل ۋۇسەن ئىدى...

باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشر قىلىنغان توپلاملارمۇ خېلى كۆپ ئىدى، ئاشۇ پۇرىقى دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان باسما مېيىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىسىلا ۋۇ سەننىڭ كۆڭلى ئېلىشاتتى، ئۇ ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ بىردەك باھالاشقا قاتناشتۇرۇلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇ بۇيرۇق نۇرغۇن ئاپتورنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى، ئۇلار غەزىپىگە پايلىماي ۋۇ سەننىڭ تېگى - تەكتىنى ئېچىپ تاشلىۋېدى، ۋۇ سەن: «مەن ئەزەلدىن ئۆز خىراجىتىم بىلەن كىتاب چىقىرىپ باقمىدىم» دەپ تۇرۇۋالدى، بىرەيلەن نەق مەيداندىلا ئۇنىڭ ھېلىقى «قاپقارا» كىتابىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى، ۋۇ سەن بولسا بۇ كىتابنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، چوقۇم كىچىك باسمىخانىلاردا ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆپچىلىكنى ھەرگىزمۇ ئالدام خالتىغا چۈشمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى.

ۋۇ سەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بىر يازغۇچى غەزىپىنى پەقەتلا باسالماي قالدى ۋە: «بۇ جەمئىيەتتە لۈكچەكلەر پەقەتلا قورقۇنچلۇق ئەمەس، كىشىنى ئەڭ قورقۇتىدىغىنى لۈكچەكنىڭ مەدەنىي بولۇۋېلىشى» دەپ ۋارقىرىدى ئىستىھزا بىلەن.

ياڭ فۇچىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما ئەسلىدە «چىلو كەچلىك گېزىتى»گە بېسىلغان، «مىكرو ھېكايىلەر» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2013 - يىللىق 9 - سانىدىن **رابىگۈل ۋەلى** تەرجىمىسى

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2013 - يىللىق دوكتورانت، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

# روھىي ئازادلىق نادىر ئەسەر يارىتىشنىڭ ئاساسى

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى گويا سىرلىق ئەپسۇنغا ئوخشايدۇ. نۇرغۇن يازغۇچى بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىجادىيەتتە چېكىنىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭدىكى بەزى سەۋەبلەر تاشقى مۇھىتتىن، يەنى مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن يازغۇچىنىڭ زىيادە ئالدىراش بولۇپ كېتىشىدىن بولسا (بۇ يەنىلا ئىككىلەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ)، ئەڭ مۇھىم سەۋەب، مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن يازغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ئېسىل ۋە نادىر يېزىپ چىقىشنى ئويلاپ ئۆزىدە جىددىيچىلىك پەيدا قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا يۈيالىڭ راۋىقى توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى ھېكايىنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىراتى ناھايىتى زور بولدى.

بۇ گۈڭكى كۈندە، كىشىلەر سەيرگە چىقىپ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى سەيلە قىلىپ، يۈياڭ راۋىقىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، راۋاق بېشىغا توغرا ئېسىلغان، گومورو قەلىمىگە تالىق بولغان «يۈياڭ راۋىقى» دېگەن ئالتۇن ھەللىك خەتكە كۆزى چۈشىدۇ. يىراقتىن نەزەر سالغاندا، بۇ خەت يۈياڭ راۋىقى تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ نەپىس ۋە جانلىق كارتىنىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا يولداش ماۋ زېدۇڭ گومورونىڭ يۈياڭ راۋىقىنىڭ نامىنى يېزىپ بېرىشى ھەققىدە تەستىق سالغان. گومورو «يۈياڭ راۋىقى» دېگەن بۇ خەتنى نەچچە 100 پارچە يېزىپ چىقىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ياخشىراق يېزىلدى دەپ قارىغان ئۈچ پارچىنى تاللاپ ماۋ زېدۇڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ۋاھالەنكى، يولداش ماۋ زېدۇڭ گومورونىڭ كونۋېرت ئۈستىگە يازغان «يۈياڭ راۋىقى» دېگەن خېتىنى ياقتۇرغان. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ماۋ زېدۇڭ تونۇلغان خەتتات بولۇپ، پىكرى ئۆزگىچە، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشى ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، يازغۇچى روھىي دۇنياسىنى ئازادە تۇتقاندىلا، ئاندىن نادىر ئەسەرلەرنى يارىتالايدىكەن.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا مەن مۇنداق قىزىقارلىق ئىشلارغىمۇ يولۇققان: رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا تۇيۇقسىز ئىلھامىم تۇتۇپ قېلىپ، مۇنداقلا بىر پارچە ھېكايە يېزىپ سالىمەن. نەتىجىدە بۇ ھېكايە نادىر ئەسەر بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىشلار ئىجادىيەت ھاياتىمدا كۆپ يۈز بەرگەن. شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن كېيىن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىش- يازالماسلىقىم روھىي دۇنيايىمنى ئازادە تۇتۇش- تۇتالماسلىقىمغا باغلىق بولسا كېرەك.

**ئىزاھات:** گومورو (1892 ــ 1978، يازغۇچى، تارىخشۇناس، ئارخېلوگ، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى).

مو يەن ئىمزالىقىدىكى مەزكۇر يازما «بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ 2013 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى سانىدىن «ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق 5 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان، **مەتنىياز قۇربانىياز** تەرجىمىسى

تەرجىمان: قاراقاش ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن

# تىل قانداق قىلىپ «شەمشەر»گە ئايلىنىپ قالدى

«قىرائەتخانا» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا جۇيۇڭ ئەپەندىنىڭ «شەمشەرگە ئايلىنىپ قالغان تىل» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى بېسىلدى. بۇ ماقالىدىكى تىلنىڭ زوراۋانلىقى توغرىسىدىكى تەنقىدنى گەرچە يوللۇق دېگىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى تەھلىل ۋە دەلىللەشلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تىلنىڭ ئۆزگىرىشى خەنزۇ تىلىنىڭ «شەمشەر»گە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولدى، دېگەن قارىشىغا ھەمدە شۇ ئارقىلىق يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلىشقا كىشىنىڭ قوشۇلۇشى تېخىمۇ قىيىن.

بۇ ماقالىنىڭ بىرىنچى كىچىك تېمىسىدا، يەنى باشتىلا «جۇڭگو كىلاسسىك تىلىنىڭ زوراۋان تىل ئەمەسلىكى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە «جۇڭگو مەدەنىيىتى ئادەملەر بىلەن تەبىئەت، جەمئىيەت بىلەن كائىناتتىن ئورتاق ھاسىل بولغان، تەرتىپلىك ۋە ئىناقلىققا تولغان مەدەنىيەت»، دەپ كېسىپ ئېيتىلغان. بۇ سۆز بويىچە بولغاندا، جۇڭگو ھازىرقى زامان تىلى گويا ئەسلىدىنلا مۇئەييەن زوراۋانلىققا ئىگىدەك بولۇپ قالىدۇ. «بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىردە، جۇڭگونىڭ كىلاسسىك زوراۋان ئەمەس تىلى مىسلى كۆرۈلمىگەن خەرىسقا دۇچ كېلىپ، تىلنىڭ زوراۋانلىقى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى ھەمدە كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، يامانلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى»، «كۈرەش ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى ئاساسىي تېمىسىغا ئايلىنىپلا قالماي، تىلنىڭمۇ بىرىنچى ئاساسىي تېمىسىغا ئايلاندى. تىلمۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىش قورالىدىن ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ قورالى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى»، راستىنلا شۇنداقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە «زوراۋان تىل» پەقەت بىر خىل ئوخشىتىشتىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە كۈن كەچۈرۈشىگە قانداقتۇ خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. «تىل زوراۋانلىقى» روھىي زىيان يەتكۈزۈش دائىرىسىگە كىرىدىغان بولۇپ، تىللاش، ھاقارەتلەش، كەمسىتىش ۋە زاڭلىق قىلىش قاتارلىق روشەن ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان، باشقىلارنى روھىي ۋە

پىسخىك جەھەتتىن دەخلى - تەرۇزغا ۋە زىيانكەشلىككە
ئۇچرىتىدىغان گەپ - سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. تىلنىڭ زورا-
ۋانلىققا ئايلىنىشى، تىلنىڭ مەزمۇنى، سۆزلەش ئۇسۇلى ۋە
ئۇنىڭ قارىتىلغان ئوبيېكتىغا چېتىلىدىغان بولۇپ، دەۋر ۋە
تىلنىڭ تۈرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. مەيلى
كونا خەنزۇ ئەدەبىي تىلى ياكى خەنزۇ ئېغىز تىلى بولسۇن،
مەيلى خەنزۇ تىلى ياكى باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تىلى
بولسۇن، ھەممىسىدە زوراۋانلىق خاراكتېرى مەۋجۇت بولۇ-
شى مۇمكىن، جۇڭگونىڭ كىلاسسىك تىلمۇ تەبىئىيكى بۇنىڭ-
دىن مۇستەسنا ئەمەس. «يىلنامە، زوچيۇمىڭ تەپسىرى»،
«يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»دىن تارتىپ، «ئۈچ پادى-
شاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»غىچە بولغان كىتاب-
لاردىكى قانخورلۇق تەسۋىرلىرى «ئەدەپلىك ۋە مەدەنىي،
سىپايە» دېيىشكە لايىق كېلەمدۇ؟ جۇشىنىڭ «ئاچلىقتىن
ئۆلۈش كىچىك ئىش، ئىپپىتىنى يوقىتىش چوڭ ئىش»
دېگەن بىر ئېغىز سۆزى 800 يىلدىن بۇيان قانچىلىك جۇڭ-
گولۇق ئايالنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ،
ئەجەبا، بۇ زوراۋان تىل ئەمەسمۇ؟ قان چىقارماي ئادەم
ئۆلتۈرىدىغان «يۇمشاق پىچاق ئەمەسمۇ؟» بۇنىڭدىن كۆ-
رۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىلنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىپادىلەش
شەكلى بولۇپ، ئۇنى زوراۋان ياكى زوراۋان ئەمەس دېگى-
لى بولمايدۇ، ئاشۇ تىلنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلى-
شىنىڭ زوراۋانلىققا چېتىلغان - چېتىلمىغانلىقى ياكى زوراۋان-
لىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان - چىقارمىغانلىقى، كۈچلۈك
ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىگە ۋە سۇندۇرۇش ياكى ماختاش
خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان - بولمىغانلىقىدا. شۇنداق
بولسىمۇ، زوراۋانلىق يەنە ھەققانىي ۋە ھەققانىي ئەمەس
دەپ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن، گىتلېرنىڭ نۇتقى دەبدەبىلىك
ھەم كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنى گېرمانىيە
ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۈرگەن، ئۇ شۇنىڭ بىلەن فا-
شىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان؛
چېرچىلنىڭ نۇتقىمۇ ئوخشاشلا دەبدەبىلىك ھەم كىشىنى
روھلاندۇرىدىغان بولۇپ، ئەنگلىيە خەلقىنى فاشىستلارغا
قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئۇ ئىككىسى-
نىڭ نۇتقى ئوخشاشلا «زوراۋانلىق»قا چېتىلىدۇ، ھەر ئىك-
كىسىلا كىشىلەرنى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا قوزغىغان، لېكىن بىز
پەرقلەندۈرمەي بىراقلا ئىنكار قىلساق بولامدۇ؟

بۇ ماقالىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى تەشەببۇس
قىلغان «يېڭى تىل»غا «زوراۋانلىق» رېڭى بېرىلىپ،
لۇشۈن ئەپەندى «تىلى (بولۇپمۇ فېلىيەتونلاردىكىسى) قىر-
غىنچىلىق بىلەن تولغان»، «كىنايە قىلىش، زىتىغا تېگىش،
تەنقىد قىلىش، ھەتتا ھاقارەتلەش لۇشۈننىڭ قولىدىكى
ھەربىي قورالغا ئايلانغان» دەپ ئەيىبلەنگەن، لېكىن بۇ
«ھەربىي قورال» راستتىنلا باشقىلارغا زىيان يەتكۈزدىمۇ؟
ئەدىبلەر ئارىسىدىكى مۇنازىرىدە گەپ - سۆزلەرنىڭ
چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان جايلىرىنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش
قىيىن، شۇڭا بىراقلا تىل زوراۋانلىقى دېيىش ھەقىقەتەن مۇ-
ۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، زوراۋانلىقنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدى-
لىكى ئۇنىڭ زورلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىدىن ئىبا-
رەت. پەقەت ھوقۇق ئىرادىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاندىلا،
ئاندىن ھەقىقىي تىل زوراۋانلىقى شەكىللىنىشى، تىل «شەم-
شەر»گە ئايلىنىشى مۇمكىن. شۇ چاغلاردا لۇشۈن لياڭ شىچ-
يۇنى «لالما كاپىتالىستلارنىڭ لامزەللە غالچىسى» دېگەن،
لياڭ شىچيۇ لۇشۈننى «XX پارتىيەسىدىن رۇبلى ئالغان»
دەپ دارىتمىلىغان؛ گومورو قاتارلىقلار لۇشۈننى «فېئودال-
لىقنىڭ قالدۇقى» دەپ تىللىغان، لۇشۈن جاۋاب قايتۇرۇپ،
ئۇلارنى «ئۆلىما ھەم لۈكچەك» دەپ ئاتىغان ۋە باشقىلار.
ئۆزئارا جىسمانىي زىيان شەكىللەندۈرمىگەندىكىن، تەبىئىي-
كى، قانداقتۇ تىل زوراۋانلىقى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى قايسىبىرىنىڭ قارشى تەرەپنى «نام - شۆھرەتكە
زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى» بىلەن سوتقا ئەرز قىلغانلىقىنى
تېخىمۇ ئاڭلىمىدۇق. لېكىن گومورونىڭ 1948 - يىلى 2 -
ئايدا شياڭگاڭدا ئېلان قىلغان «ئەكسىيەتچى ئەدەبىيات -
سەنئەتكە رەددىيە» دېگەن ماقالىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ،
چۈنكى، روشەن سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بۇ «ئەيىب-
لەش ماقالىسى» شېن سۇڭۋېن، جۇگۇاڭچيەن ۋە شياۋ چيەن
قاتارلىق كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزگەن. بولۇپمۇ شېن سۇڭۋېن
ئەپەندى شۇنىڭدىن كېيىن دەككە - دۈككىدە كۈننى كەچ
قىلالماي، ئۆز تەقدىرىدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىپ يۈرگەن.
مۇشۇنداق تىللار ھەقىقىي زوراۋان تىل ھېسابلىنىدۇ.
لۇشۈن ئەپەندى ئۆزىنىڭ فېلىيەتونلىرىنى «نەيزە» ۋە
«شەمشەر»گە ئوخشاتقان، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى
«جاراھەتنى ئېچىپ، ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن دىققەتنى قوز-
غاش»تىن ئىبارەت ئىدى. يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ

مەرپەتچىلىك ئەھمىيىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. 4 ـ ماي دانىشمەنلىرىنىڭ تەنقىد قىلغىنى دەل ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان «ئادەمخور» ئەدەپ ـ قائىدە، مەيلى «ئېچىنىشلىق غەزەپلىنىش» بولسۇن ياكى «ئاچچىقلىنىش» بولسۇن، ھېچقايسىسىنى «زوراۋانلىق تۈسىگە ئىگە» دېگىلى بولمايدۇ. «تەنقىد قورالى» بىلەن «قورال تەنقىدى»نى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. زوراۋان تىل پەقەت گېپىم گەپ دەيدىغان زوراۋانلارنىڭ قولىدا بولغاندىلا، ئاندىن «قان چىقارماي جاننى ئالىدىغان ‹شەمشەر›»گە ئايلىنىشى مۇمكىن. دەرىجىسى قاتتىق «ئۈچ ئەركان، ئالتە ئىنتىزام»غا ئەدەپ ئارقىلىق باشقۇرۇش مەدەنىيىتى سىڭدۈرۈلگەن جۇڭگو جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ شۇنداق. «جۇڭگو كىلاسسىك تىلى»، «زوراۋان تىل ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتىش» ھەقىقەتەن ئادەمنى يا يىغلاتىشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. قەدىمكى زاماندا مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبى، شىمالىي ۋە غەربىدىكى مىللەتلەرنى «蛮»، «狄»، «夷»، «胡» دەپ ئاتاش تەكەببۇرلۇق قىلىش ھەمدە كەمسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە تۇرسا، بۇ تېخى «زومىگەر»لىك قىلغانلىق بولمامدۇ؟ ئادەتتىكى چاغلاردا، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاتاشلاردا، ھەتتا ئادەتتىكى كىشىلىك ئالماش سۆزلىرىمۇ روشەن ھۆرمەتلەش، مەنسىتمەسلىك، قەدىرلەش، پەس كۆرۈش مەنىلىرىگە ئايرىلغان يەردە، باشقىلارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

توغرا، يۈزەكى قارىغاندا، كۇڭفۇزىنىڭ «ئېغىر بېسىق» ئەدەپ ـ قائىدە تەربىيەسى ئارقىسىدا، جۇڭگودىكى قەدىمكى ئەدىبلەر يېزىقچىلىقتا ھەقىقەتەن بىلگە تۆرىلەر (مەنسەپ نامى)نىڭ «ئەلا»لىقى ۋە «ئالىيجاناب»لىقى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلانغاندەك قىلىدۇ؛ ئەمما، مۇبادا ئۇلار زىيالىيلارنىڭ تەنقىدىي روھىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالسا، ھەتتا ئۇنى چۆرۈۋەتسە، ئۇنداق «ئەدەپلىك ۋە مەدەنىيلىك» يەنە بىزنىڭ تىلغا ئېلىشىمىزغا ئەرزىمدۇ؟ ئۇ ھەقىقىي «قەدىمىي ۋە كۆركەم، مۇلايىملىق تۈسى»نى ئالغان بىر «تىل ئۇتوپىيەسى»دۇر!

ليۇشتوڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2012 ـ يىللىق (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) 2 ـ سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ پېنسىيونېرى.

# بەخت نەدە؟ كەلگۈسى نەدە؟

1

كىشىلەر ئارىسىدا كېتىۋاتقىنىمدا ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ قول بىغىشىغا قاراپ بېقىشقا ئادەتلەنمىگەن، گويا ئۇ يەردە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئىچكى سىرى يوشۇرۇنغاندەك، بارغانسېرى نۇرغۇن كىشىلەر ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بېغىشىغا بىلەكباغ تاقىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا كۆرسە، يەنە نۇرغۇن كىشى ئۇنى بەخت ۋە ئەمىنلىك تىلەشنىڭ بەلگىسى قىلىدۇ. دېمەك، بۇ بىلەكباغلار زىننەت بۇيۇمى بىلەن ئېتىقادنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. يا ئوڭ، يا سول دېگەندەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئېتىقاد زادى قانداق ئېتىقاد ياكى تەسەللى ئىزدەشتۇ؟ يەنە ياكى ئىچكى دۇنيادىكى قانداق بىر قورقۇنچ ۋە ئىزتىراپتۇ؟

2

2006 ـ يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى، 301 ـ دوختۇرخانىدىكى جى شيەنلىن ئەپەندىنى يوقلاپ باردىم. مەن يېتىپ بارغان ۋاقىت چۈشتىن بۇرۇن ئىدى. ئورنىدىن خېلى بۇرۇنلا تۇرغان جى مويسىپىت ئاللىبۇرۇنلا ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىشنى باشلىۋەتكەنىكەن. ئۇ خېلى بۇرۇنلا نەشر قىلىنغان «بۇددا دىنىدىكى 15 پەرھىز»نى تۈزىتىۋېتىپتۇ.

— بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا مەندە يەنە يېڭى چۈشەنچە ھاسىل بولدى، — دېدى ئۇ.

— سىز بۇتقا ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئەگەر ئىشىنىش دېيىلسە تېخى ئۇ دەرىجىگە بارمىدىم، بىراق بۇددا دىنىغا مايىل ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئېھتىمال بىزنىڭ نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار مۇشۇنداقتۇ، — دېدى جى مويسىپىت جاۋابەن.

مەن بۇنىڭدىن ئەجەبلەندىم: تېز سۈرئەتتە ئالغا بېسىۋاتقان جۇڭگولۇقلار كەلگۈسىدە نېمە بىلەن قەلبىگە تەسەللى تاپىدىغاندۇ؟

جى مويسىپىت ماڭا بىر تەپسىلاتنى سۆزلەپ بەردى. بىر

كۈنى، بىر رەھبەر ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ، ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى يەنىلا ئىچكى دۇنيا مەسىلىلىرى ئۈستىدە بوپتۇ. ئۇ رەھبەر جى مويىسپىتتىن شۇنداق سوراپتۇ:

— ئىزىم بىلەن دىنىنىڭ ئىچىدە قايسىسى ئاۋۋال كىشىلەر ئارىسىدىن يوقىلىدۇ؟

ئۇ چوڭ رەھبەر ئالدىدا جى مويىسپىت ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەگەر كىشىلەر بىر كۈنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ھەل قىلالمايدىكەن، ئۇنداقتا ئىزىم ئاۋۋال يوقىلىدۇ، بەلكى بالدۇرلا.

3

يەنە بىر كۈنى لياڭ شىنشۇ ئەپەندىنىڭ «بۇ دۇنيا ياخشى بولۇپ كېتەلەمدۇ؟» دېگەن كىتابىنى ۋاراقلاپ قالدىم. خاتىمىسىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا، لياڭ ئەپەندىنىڭ بىر ئابزاس سۆزى تۇساتتىن قەلبىمنى تىترەتتى.

لياڭ مويىسپىتنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت ئۈچ چوڭ مەسىلىگە دۇچ كەپتۇ. تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك:

ئەڭ ئاۋۋال ئادەم بىلەن ماددىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك.

ئەگەر تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلانساق، ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان بۇ ئۈچ مەسىلىگە قانداق جەڭ ئېلان قىلىش كېرەك؟

جۇڭگونىڭ 30 يىلدىن كۆپرەك ئىسلاھاتىدا، ئەڭ دەسلەپكى 20 يىلدا بەكرەك ماددىيلىقنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھاللىقلىققا يۈرۈش قىلىش، قورساق توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئىككى قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ مەۋجۇتلۇق تەلپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق، شۇنداقلا ھەر بىر ئادەممۇ بەختنى ماددىيلىقنىڭ كەلگۈسىگە باغلىدى.

ماددىيلىق سەۋىيەسىنىڭ نىشانى ئۈزلۈكسىز رېئاللىققا ئايلاندى. بىراق جۇڭگولۇقلار شۇنىمۇ بايقىدىكى، بەخت ماددىيلىق بىلەن ئەگىشىپ كەلمىدى. كىشىلەر ئارىسىدا نارازىلىق سادالىرى تولۇپ كەتتى. يۇقىرى خاتىرجەم بولالمىدى، تۆۋەننىڭ غەلۋىسىدىن قورقۇپ، تۆۋەنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى، يۇقىرىنىڭ ھەممىشە چوڭ ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ پۇقرالارنىڭ ھال كۈنى بىلەن كارى بولماسلىقىدىن قورقۇپ، باي خاتىرجەم بولالمىدى، بايلىقىنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىدىن قورقۇپ، كەمبەغەلمۇ خاتىرجەم بولالمىدى، ئۆزى بىلەن باللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن قورقۇپ.

ئەمەلىيەتتە، ئىناق جەمئىيەتنىڭ نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ كىشىلەرگە بەختكە يېقىنلاپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىرلا ۋاقىتتا، تېخىمۇ چوڭ بىر توسالغۇمۇ ئەگىشىپ كەلدى.

1 مىليارد 300 مىليون نوپۇسى بار بۇ دۆلەتتە ئۆزىمىز بىلەن ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى مەسىلىنى زادى قانداق ھەل قىلىشىمىز كېرەك؟ خەلقىمىزنىڭ يادرولۇق كۆز قارىشى زادى نېمە؟ مەنىۋى ماكان زادى قەيەردە؟ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز نېمە؟

ھەممە ئادەم خەلق پۇلىغا ئىشىنەمدۇ؟ بىزنىڭ ئازاب ۋە ئەندىشىمىز، جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە مەنپەئەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

بەخت كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىۋاتقان بىر ۋاقىتتا يەنە كەلگۈسىدىكى ئەڭ چوڭ نىشانغا ئايلاندى.

لېكىن، بەخت زادى قەيەردە؟

4

بەختنىڭ قەيەردىلىكىنى ۋاقىتنىچە دېمەي تۇرايلى، ئازابنى ھەرقانداق چاغدا ھېس قىلغىلى، ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ چېكى ئۈزلۈكسىز سۆكۈلمەكتە. سۈت پاراشوكىدا مېلامىن فورمالدېگىت بار بولۇشى مۇمكىن، سەيكۆكتاتلاردا بەدەنگە زىيانلىق دېھقانچىلىق دورىسى بار بولۇشى مۇمكىن، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ بىئاراملىقىنى كۆزدە تۇتۇپلا ئۆزىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ ھاياتى بىلەن ئويناشساق بولۇۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى؛ پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق چاغدا ئالدامچىلىق قىلساق بولۇۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى؛ غايە سۆزى مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.

نېمە ئامال، ئېتىقادى كەم كىشىلەر، ئېتىقادى كەم بىر جەمئىيەتتە ھېچنېمىدىن قورقۇش بولمىغاندىن كېيىن ئۆزىمىزنى چەكلەشنى بىلمىدۇق، نەچچە مىڭ يىل، نەچچە يۈز يىل ئالدىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەندى- نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇدۇق، ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ دوزىخىغا ئايلاندۇردۇق.

5

بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، 1 مىليارد 300 مىليون جۇڭگولۇقلار ئىچىدە 100 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ھەر خىل دىنلارغا ئىشىنىدىكەن، يەنە 100 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم كوممۇنىزمغا ئىشىنىدىكەن. ئۇنداقتا باشقىلارچۇ؟ يوق. دېمەككى، 1 مىليارد 100 مىليوندىن ئارتۇقراق جۇڭگولۇقنىڭ ھېچقانداق ئېتىقادى يوق.

لېكىن جۇڭگولۇقلاردا يەنە ئىزچىل ئېتىقاد كەم بولماي كەلگەن، مەدەنىيەت سەۋىيەمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز ئىزچىل ئارىلاشما جۇڭگو مەدەنىيىتى ئىچىگە كۆمۈلگەن، بوۋا-مومىلىرىمىز بىزگە ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەرنىڭ ئىچىگە كۆمۈلگەن، تاڭ شېئىرلىرى ۋە سۇڭ تېكىستلىرى ئىچىگە كۆمۈلگەن، يەنە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرى، مۇراسىملىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان. شۇڭىمۇ ئىلگىرى جۇڭگولۇقلار تەبىئەتكە چوقۇناتتى، تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ قوشۇلۇشىنى قوغلىشاتتى، مائارىپقا ھۆرمەت قىلاتتى، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز بولسىمۇ.

«4-ماي ھەرىكىتى»دىن كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇمران قىلىش خاراكتېرلىك يوقىتىلدى، بىزمۇ بىر توپ ئېتىقادسىز باللارغا ئايلاندۇق. ھازىر ئىسلاھات كەڭ كۆلەمدە قانات يايماقتا. ئارزۇ-ئىستەكلىرىمىز شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتتى، ئېتىقادتىن مەھرۇم قالغان قەلبىمىزنىڭ بوش يېرىدە ھېيىقماسلىق كەڭتاشا جەۋلان قىلماقتا.

شۇنىڭ بىلەن بىز ئاڭلىغان ياكى ئاڭلىمىغان ھەر خىل غەلىتە ئىشلار ھەر كۈنى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىپ تۇردى. بىز ھەر بىرەيلەن بىردىن ئىشلەپچىقارغۇچىغا ئايلاندۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خىل ئازابنى تېتىغۇچىلاردىنمۇ بولۇپ قالدۇق.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بەخت قانداقمۇ ئەتراپىمىزغا يېقىن كەلسۇن؟

6

پۇل بىلەن ھوقۇق بارغانسېرى بىر خىل ئېتىقادقا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، پۇل بىلەن ئارزۇ-ئىستەكنىڭ قانائەتلىنىشى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇۋاتىدۇ.

ئىلگىرى، بىر باھالىغۇچى سەھنىدە تەرلەپ-پىشىپ ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان ئارتىسلارغا قاراپ ئەپسۇسلانغىنىدىن شۇنداق تولۇقلىغانىكەن:

— ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىشقا سەممىيەت بىلەن ئاق كۆڭۈللۈكنى كۆرەلمەيمەن، پەقەت شۇ تۇلپار ماركىلىق ماشىنا بىلەن داچىمۇ؟

ئەمەلىيەتتە بۇ ئاشۇ ئارتىسلارنىڭلا مەسىلىسى ئەمەس، دەۋرنىڭ مەسىلىسى.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك كۆزلەر ئۇنداق ئەمەستۇ؟

ھوقۇق ئوخشاشلا بىر مەسىلە.

قاچاندىن تارتىپ باشلاندى، رەھبەرنىڭ ئالدىدا پۇقرالار لەببەيچىگە ئايلاندى، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق شەخسىي پىكرى يوقمىدۇ؟ 1-قول باشلىقنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن زورىيىپ كەتتى، باشلىقنىڭ سۆزىگە ماسلاشتۇرۇپ سۆزلەشمۇ ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى. توغرىلىق ئۈچۈن باشلىققا قارشى ئۇستەل مۇشتىلايدىغان كۆرۈنۈش بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە، تۆۋەندىكىلەر راستىنلا ھوقۇقتىن قورقامدۇ؟ بەلكى تۆۋەندىكىلەر بارغانسېرى ئەقىللىق ۋە مەنپەئەتپەرەس بولۇپ كەتكەندۇ، ئەگەر مۇشۇنداق بويسۇنۇش ئۇنىڭغا پايدا ئېلىپ كەلسە ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇنى زىياندىن ساقلاپ قالالىسا ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلمىغۇدەك؟

لېكىن مەسىلە شۇكى، بۇنداق بېشارەتنى تۆۋەنگە كەم يەتكۈزىدۇ.

7

ھەر بىر دەۋردىكى ياشلارنىڭ كۆڭلى ئاسان ئۆتمىگەن. بىراق ھازىرقى ياشلارنىڭ كۆڭلى گۆش كۆز بىلەن كۆرگىلى بولغىدەك دەرىجىدە تەسلىشىپ كەتتى. دەۋر ياشلارغا چوقۇم غەلىبە قازىنىش تەلىپىنى قويۇۋاتىدۇ. غەلىبە قازىنىش ئۆيى بولۇش، ماشىنىسى بولۇش ۋە خىزمەتتە ئىقتىدارلىق بولۇشقا باراۋەر بولۇۋاتىدۇ. ئۆي باھاسى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈۋاتىدۇ، ھەتتا كىشىلەردە «زۆڭلىنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، باش دىرېكتورنىڭ دېگىنى ھېساب» دەيدىغان خاتا تەسىرات پەيدا بولۇۋاتىدۇ. كېيىن باش دىرېكتورلار ھەددىدىن بەك ئېشىپ كېتىۋىدى، زۆڭلى تىرىكىپ قالدى. ئۆي باھاسى ئالدىراپ ئۆسۈش قەددىنى سەل-پەل توختاتتى. ئۆي باھاسى ھازىر ئىقتىسادىي مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي مەسىلە، سىياسىي مەسىلە، ئېھتىمال، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆي باھاسى ئىپادە بىلدۈرۈش خاراكتېرلىك ئازراق چۈشەر. بىراق ئالدىمىزغا قارىساق، ئۆي

باھاسىنىڭ بۇنداق چۈشۈشى ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان دەرىجىدىمۇ؟ ئەڭ زور ئىمكانىيەتتە ئۆي باھاسىنىڭ باھاسى بىر كۋادرات مېتىرى ئۈچ - تۆت تۈمەندىن مىدىرلىمايۋاتسا ئۇنىڭ چۈشۈش - چۈشمەسلىكى بىلەن ئاددىي پۇقرالارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ شۇڭا ھازىر «تار ھۇجرا» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى بەك قىزىپ كەتتى.

يەنە «قىلتاق قورۇش» دېگەن فىلىمنىڭ مودا بولۇشىمۇ ئەمەل سەھنىسىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ مۇشكۈللۈكىنى ئاشكارىلىدى. بايلىقىغا قاراپ رەتكە تىزىش قىسقا مۇددەت ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن يەنە قايتىدىن ئەۋج ئالدى. ياشلىق باھار، ئاشخانىدا پەقەت ئەقىل ۋە جاسارەتتە بەسلىشىشكە ياراپ ئۆزىنى كەڭرى بازارغا سېلىشقا جۈرئەتسىز كەلدى. بىراق، چوڭ ھېسابلانمايدىغان ياش لاۋجاڭ بىلەن لاۋلىنىڭ قىياپىتىدەك بولدى.

ئۇششاق پۇقرالارغا كەلسەك، ئاسمان پەلەك ئۆسۈۋاتقان ئۆي باھاسى بىلەن ئەمەلگە ئېشىش بارغانسېرى تەسلىشىۋاتقان غايە ئالدىدا بەلكى ھەممە بۇ كونا ناخشىنى تىڭشار:

«سىرتتىكى دۇنيا بەك گۈزەل، سىرتتىكى دۇنيا بەك مۇشكۈل»... سىرتتىكى دۇنيانىڭ ئىنتايىن مۇشكۈللۈكىنى ھېس قىلغان چېغىڭىزدا، بەلكى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇنى تەرك ئېتىپ، بىر ئاز خاتىرجەم ھېسابلىنىدىغان يۇرتىڭىزغا كېتەرسىز، بۇ بىر چىقىش يولىدۇ؟

ئەگەر بىر دەۋردە، ياشلىق باھار زور مۇشكۈلات بىلەن بېسىلىۋەرسە، بۇ دەۋردە قانداقمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولغىلى بولسۇن؟ ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا ياشلار ئەڭ ئاۋۋال غايىدىن ۋاز كەچسە دەۋرنىڭ كەلگۈسى قانداق بولار؟

بەي يەنسۇڭ ئاپتورلۇقىدىكى بۇ يازما جىلىن خەلق نەشرىياتى باشقۇرۇشىدىكى «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 11 - سانىدىن **ئەنۋەر ئابدۇرېھىم جولا** تەرجىمىسى

تىلماچ: مارالبېشى ناھىيە مارالبېشى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە كادىر

## «لۇشۇنسىزلاشتۇرۇش»تىن ھوشيار بولايلى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكى تېكىستلىرىدە لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرى بارغانسېرى ئازلاپ بارماقتا. يېقىندا يەنە بىر زور ھەرىكەت باشلىنىپ ئەسلىدە تېكىستتە بار بولغان «AQنىڭ تەرجىمىھالى»، «لىۇ خېجېننى خاتىرىلەيمەن»، «دورا» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرمۇ چىقىرىپ تاشلاندى.

بۇ خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلۈم ئۇزاققىچە پەرىشان بولۇپ، قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىككە پاتتىم. بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟ بۇ تېكىستتە ئەسەر تاللىغۇچىلارنىڭ ئىشىمدۇ ياكى ئاستىرتتىن بىرەر «ئورۇنلاشتۇرۇش» بارمىدۇ؟ بۇ ئەسەرلەردە نېمە گۇناھ بولغىيتتى ياكى ئۇ بىراۋلارنىڭ «زىتىغا تېگىپ» كەتكەنمىدۇ؟ ۋە ياكى تېكىستكە ئەسەر تاللىغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى ساپاسى يۇقىرى بولمىغاچ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ھوزۇرلىنىش سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كەتكەنمىدۇ؟

بەلكىم، لۇشۇننىڭ «مىللەتنىڭ روھى» ۋە ئىپتىخارى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ئويلاپ باقايلىچۇ، مۇبادا لۇشۇن بولمىسا بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، ئەدەبىياتىمىز دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىدە قانداقمۇ پۇت تىرەپ تۇرالىسۇن؟ ئۇنىڭسىز ئەدەبىياتىمىز لاتاپىتىدىن، قەھرىدىن، قېنىدىن، گۆشىدىن، ئۇستىخىنىدىن ۋە يىلىكىدىن ئايرىلىپ قالماسمۇ؟ بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىللار ئىلگىرى بىر خەۋەردە يېزىلىشىچە، ئېلىمىزنىڭ بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى كورېيەنى زىيارەت قىلىشقا بارغاندا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن بىرەيلەن كورېيەنىڭ ئىقتىسادىي مۆجىزىلىرىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەن. ئەمما بىر كورېيەلىك ئەپسۇسلانغان ھالدا: «بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە لۇشۇن يوق - تە» دېگەن. مانا بۇ بىزلەرنىڭ روھىمىزغا ئىلھامبەخش ئېتىدىغان سۆزلەر ئەمەسمۇ؟! دۇرۇس، ئادەملا بولىدىكەن ئىقتىسادىي ئىشلارنى يۈكسەلدۈرۈش تامامەن مۇمكىن، يەنە كېلىپ باشقىلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغىدەك نەتىجىلەرنىمۇ ياراتقىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، مەدەنىيەتنىچۇ؟ بولۇپمۇ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەشھۇرلارنى، گىگانتلارنىچۇ؟ تارىخ بىزگە سەمىمىيلىك بىلەن شۇنى ئىسپاتلاپ بەرگەنكى، ئۇلارنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى ۋە ياساپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ماۋـ

زېدۇڭ دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىدە ياپونىيە باش ۋەزىرى تيەن جۇڭجياۋرۇڭغا «چۇ نەزمىلىرى توپلىمى»نى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى نىكسونغا «لۇشۈن ئەسەرلىرى توپلىمى»نى سوۋغا قىلغان. مانا بۇنى قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ سوۋغاتلىرى ئىچىدىكى «قولغا چىققۇدەك» ئېسىل بۇيۇملار دېمەي بولمايدۇ.

يې دافۇ «ئۇسال لۇشۈن» ناملىق ماقالىسىدە: «ئۇلۇغ شەخس چىقمىغان مىللەت دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە بولغان جانلىقلار توپىدۇر، ئۇلۇغ شەخسلىرى تۇرۇپمۇ ئۇنى ھىمايە قىلمىشى، سۆيۈشنى، چوقۇنۇشنى بىلمىگەن دۆلەت پەقەت بىر توپ قۇللار تائىپىسىدۇر، خالاس» دېگەندى. لۇشۈن مىللىتىمىز ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇلۇغ شەخس، ئەجەبا بىز ئۇنى ھىمايە قىلماسلىقىمىز، سۆيمەسلىكىمىز، چوقۇنماسلىقىمىز كېرەكمىكەن؟ ئەكسىچە، بۇ خىل ھىمايە قىلىش، سۆيۈش، چوقۇنۇش دۆلەت ئىچىدىكىلەردىن باشلىنىشى، بولۇپمۇ ئاۋۋال ياشلار - ئۆسمۈرلەر تېكىستلەردىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپلا ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشى، ئۇنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟

بىزدە تارىخ بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش باھانىسىدە دەرسلىكلەر توختىماي يېڭىلىنىۋاتىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە خاتا دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئەڭ ئاساسلىق مەزمۇنلار ۋە ئاساسلىق روھىي ماھىيەتلەر خالىغانچە ئۆزگەرتىلمەسلىكى كېرەكمۇ قانداق؟ بولۇپمۇ لۇشۈننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى «AQ نىڭ تەرجىمىھالى»دا لۇشۈن مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ئەڭ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللىتىمىزنىڭ روھىيىتىنى ئەڭ چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلغان. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قايتا تونۇشىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالدۇر. بىزنىڭ زەبەردەست قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدە، دۇنياغا ئۈمىد بىلەن بېقىشىمىزدا بۇ خىل ئۆز - ئۆزىنى قايتا تونۇش روھى كەم بولسا بولمايدۇ.

قانداقتۇر «لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چۈشەنمەك تەس» دېگەندەك ئەيقاچتى گەپلەر بۇنىڭغا سەۋەب بولالمايدۇ. ئوقۇپ چۈشەنمەك تەس دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ئەجەبا فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكىنى ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدىكەنۇ ھەم تىلى، ھەم جېنى بار بولغان لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمامدىكەن؟ يەنە كېلىپ «ئوقۇپ چۈشەنمەك تەس» بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەكمىكەن؟ خەن يۈ: «ئوقۇتقۇچى بىلمىگەننى بىلدۈرگۈچىدۇر» دېگەن. «ئوقۇپ چۈشەنمەك تەس» نەرسىلەردىنلا بىر نەرسە ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ئوقۇپ چۈشەنمەك ئاسان نەرسىلەردىن ئادەمگە نېمە يۇقىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇغانسېرى كىشىگە شۇنچە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ.

لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش كېرەكمۇ - يوق، ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە لۇشۈن ئەسەرلىرىنى كىرگۈزۈش كېرەكمۇ - يوق، دېگەن مەسىلە مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىكىگە، مىللىي ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈشكە، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا سەل قارىمايلا قالماي يەنە دەرسلىكتىن قەتئىي چىقىرىپ تاشلىماسلىق لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە «لۇشۈنسىزلاشتۇرۇش» ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇش بىلەنلا قالماي يەنە بۇ خىل ئەھۋالنى قەتئىي توسۇشىمىز كېرەك.

شۈبھىسىزكى، بەزى ئادەملەر لۇشۈندىن قورقىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ۋەھىمە ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، لۇشۈننىڭ ماقالىلىرى ھازىرقى رېئاللىقتىمۇ روشەن قاراتمىلىققا ئىگە. بۇ دەل لۇشۈننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ لۇشۈننىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك ئەسەرلىرىگە تېخىمۇ موھتاج ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا لۇشۈن ئەسەرلىرى جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ، ئاشۇ تۈرلۈك رەزىللىكلەرنى يەتكۈچە دۇمبالاپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ساپلاشتۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ شالاڭشىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىگە يىلىك تولۇقلاپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇسى!

گوشۇرۇڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2010 - يىل 11 - سانىدىن **ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر** تەرجىمىسى

تىلماچ: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە.

# مالايشىيا ئەدەبىياتىدا چاقنىغان يۇلتۇز



ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر

2006 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ياش دوكتورى لى شياۋفېڭ خانىم مالايشىيالىق بىر ئۇيغۇر يازغۇچىنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئىنستىتۇتىمىزنى زىيارەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، مۇمكىن بولسا مېنىڭ كۆتۈۋېلىشىمنى ئېيتتى. مەن گەپنى خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ قانداق؟ مالايشىيا تەۋەلىكىدە راستىنلا ئۇيغۇر يازغۇچى بارمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن ئىسمى نېمىكەن دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا ئىسمى «يۇڭلې» (永乐) دېدى. مەن بۇ ئىسىمنىڭ ئۇيغۇرچىدا قايسى ئىسىمغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تاپالماي بوپتۇ، ياخشى ئىشكەن، كۆرۈشەيلى، مالال كۆرمىسە، ئەتە چۈشتىن كېيىن كەلسۇن دېدىم. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، چىرايىدىن ئۇيغۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بويى، ناھايىتى پاكىز ھەم رەتلىك كىيىنگەن، قارىماققا يېشى ئەمدىلا 50 كە يېقىنلاشقان بىر خانىم دوكتور لى شياۋفېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىشخانامغا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. سالام ـ سەھەتلەردىن كېيىن ئازراق پاراڭلاشتۇق. مەلۇم بولدىكى، بۇ خانىمنىڭ ئىسمى يۇلتۇز ئىكەن. «يۇڭلې» دېگەن بۇ ئىسىم «يۇلتۇز»نىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى 永乐多斯 نىڭ قىسقارتىلمىسى ئىكەن.

يۇلتۇز خانىم 1949 ـ يىلدىن باشلاپ تەيۋەننىڭ تەيبېي شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئابدۇللا تىمەن دېگەن كىشىنىڭ قىزى ئىكەن. يۇلتۇز خانىم ئابدۇللا تىمەننىڭ چوڭ قىزى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 60 قا يېقىنلاشقانىكەن، ئۇنىڭ ئايخان، چولپان، زۆھرە، دېڭىز ئىسىملىك تۆت سىڭلىسى بار ئىكەن. يۇلتۇز خانىم مالايشىيادا، سىڭىللىرىدىن ئىككىسى تەيۋەندە، بىرى ئامېرىكىدا، بىرى تۈركىيەدە تۇرىدىكەن. يۇلتۇز خانىم ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئاتىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە، ھىدىنى پۇراشقا تەشنا بولغان بۇ ئانا يۇرتنى زىيارەت قىلىش، خەلققە سالام بېرىش، قىسقىسى، 60 يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە ئۆزىگە رىۋايەتتەك تۇيۇلغان بۇ زېمىننىڭ باغرىغا بىر قېتىم ئۇچۇن كەلگەنىكەن. پاراڭ ئارىلىقىدا دوكتور لى شياۋفېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، يۇلتۇز خانىمنىڭ مالايشىيادىكى داڭدار يازغۇچى، مائارىپچى ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشنى ئويلاپ مەقسىتىمنى ئېيتتىم. يۇلتۇز خانىم بۇ تەلىپىمگە قوشۇلدى ـ يۇ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولغاندا ئاندىن سۆزلەشنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇ تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە بىر قىسىم ماگىستىر ئاسپىرانتلىرىغا «مالايشىيا ئەدەبىياتى ۋە مېنىڭ ئىجادىيىتىم» دېگەن تېمىدا سۆزلەشنى ئورۇنلاشتۇردۇم. ئوقۇغۇچىلار يىغىلىپ بولغۇچە يۇلتۇز خانىمنى فولكلور مۇزېيىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ مۇزېيغا كىرگەنلا يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى مىس ھەيكەلنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈف

دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە

خاس ھاجىبنىڭ ئوبرازى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن بولسىمۇ، ئەلە-
شىر نەۋايى قاتارلىق كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن نەپىس كۆ-
چۈرۈلگەن نەچچە 100 پارچە قولىيازما ئەسەرلىرىنى، خۇددى
ھۆسنخەت ئەسىرىدەك جۇلالىنىپ تۇرغان چاغاتايچە تەۋلىيە-
لەرنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىدىكى مۆجىزىلىك كەشپ-
ياتى كارىزنىڭ قۇرۇلما مودېلىنى، خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭ
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى، تۇرمۇش
بۇيۇملىرىنى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن خوتەن قەغىزىنى،
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سايمانلىرىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئى-
چىدە ھاياجانلىناتتى، ھەر بىر نەرسىگە سىنچىلاپ قاراپ، توخ-
تىماي سوئال سورايتتى. ئۇ بىر ئىپتىدائىي دەزمالنى كۆرسىتىپ،
بۇ نېمە دەپ سورىدى. مەن «دەزمال»، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى-
دا «ئۇتۇك» دەپ ئاتالغان دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ «ئۇيغۇر-
لار قاچاندىن باشلاپ دەزمال ئىشلەتكەن» دەپ سورىدى.
مەن «دەزمال ئىشلىتىش ئۇيغۇرلاردا كەم دېگەندىمۇ 1000
يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بەرگەن
مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار يېشىغا، بوي تۇرقىغا، پە-
سىلگە قاراپ كىيىدىغان ھەر خىل پاسوندىكى كىيىملىرىنى مۇ-
شۇنداق دەزماللار بىلەن دەزماللاپ كىيگەنىكەن. ئاياللار
چاچلىرىنى ئۆرۈمە، كەسمە دېگەندەك خىلمۇخىل پاسونلاردا
ياسىشىپ، چېچى ئازلىرى ئۆكلك دەپ ئاتىلىدىغان ياسىما چاچ-
لارنى سېلىپ، قۇلاق، بىلەك، بارماق، بويۇن ۋە كىيىملىرىگە
ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلاردىن ياسالغان زىننەت بۇ-
يۇملىرىنى تاقىشىپ ۋە ئېسىشىپ، قوللىرىغا خېنە يېقىپ، ئۇستىې-
شىغا ئىپار قاتارلىق خۇش پۇراق سۇيۇقلۇقلارنى سۈرتۈپ ياكى
چېچىپ، يۈزلىرىنى يىپلاپ ۋە كىرشەن بىلەن پارقىرىتىپ، مەڭ-
زىلىرىگە ئەڭلىك، قاشلىرىغا قاشلىق، ئەرنىلىرىگە (لەۋلىرىگە)
ئەرنىلىكلەرنى سۈرۈپ يۈرۈشكەنىكەن. دېمەك، بۇنىڭدىن
1000 يىللار بۇرۇنلا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنى زىننەتلەشنى،
پەردازلاشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بىلگەنىكەن» دېدىم. ئۇ مۇزېي-
دىكى نەرسىلەرگە تېخىمۇ قىزىقىپ، تىنماي سوئال سوراۋەر-
دى، مەنمۇ بىلگىنىمچە جاۋاب بېرىپ تۇردۇم. شۇ ئارىلىقتا
دوكتور لى شياۋفېڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپقا يىغىلىپ بولغانلى-
قىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن يۇلتۇز خانىمنى سىنىپقا باشلاپ
چىقتۇق. مەن يۇلتۇز خانىمنىڭ مالايشىيادا ياشايدىغانلىقىنى، ئە-
دەبىي ئىجادىيەت ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى-
نى، مەكتىپىمىزنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ، ئۇنى لېكسىيەگە تەكلىپ قىلغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، يۇلتۇز
خانىمنى مۇنبەرگە تەكلىپ قىلدىم. خانىم مۇنبەرگە چىقىپ، ئو-
قۇغۇچىلارغا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن لېك-
سىيەسىنى باشلىدى. ئۇ خەنزۇ ئەدەبىي تىلدا ناھايىتى راۋان،
يېقىملىق، جانلىق سۆزلەيتتى. ئوقۇغۇچىلار شۇ قەدەر قىزىقىپ
ئاڭلايتتى، خاتىرە قالدۇراتتى، پات - پات ئالقىش ياڭرىتاتتى.
ئىككى سائەتلىك لېكسىيە ئەنە شۇنداق قىزغىن كەيپىيات ئىچى-
دە ئاخىرلاشتى. يۇلتۇز خانىم لېكسىيەسىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇغۇ-
چىلاردىن بىرىنىڭ «سىز بىر نەچچە خىل تىلنى شۇنچىلىك
پۇختا بىلىدىكەنسىز، بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىققاچ، شۇنچە كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپسىز. ئۇتۇق قازىنا-
لىغىنىڭىزنىڭ سىرى نېمە؟» دېگەن سوئالىغا، «ئادەم غايىلىك
بولسا، بىر نىشاننى كۆزلەپ، جاپاغا چىداپ ئۆگەنسە، بوشاش-
ماي تىرىشسىلا، ھاياتنى مەنىلىك، ئارمانسىز ئۆتكۈزەلەيدۇ
دەپ قارايمەن. مېنى ئۇتۇق قازاندى دېگىلى بولمايدۇ، ئانچە -
مۇنچە ئىش قىلالىغان بولسامىمۇ، ئارمانلىرىم كۆپ تېخى. ھەم-
مىدىن ئەپسۇسلىنىدىغىنىم شۇكى، مەن ئەسەرلىرىمنى خەنزۇچە،
مالايچە ۋە ئىنگلىزچە يازغىنىم بىلەن، ئانا تىلىمدا بىرەر ئەسەر
يازالمىدىم!» دەپ جاۋاب بەردى. ئانا تىلىمدا ئەسەر يازالمى-
دىم دېگەن سۆزگە تەئەججۈپلەنگەن ئوقۇغۇچىلار پاتپاراق بو-
لۇشۇپ، مالايشىيالىق يازغۇچىنىڭ ئانا تىلى مالايچە بولمىسا،
نېمە بولغىيتتى دەپ ئويلاپ، «ئانا تىلىڭىز نېمە؟» دەپ سو-
راشتى. يۇلتۇز خانىم لېكسىيەنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ
تەرجىمىھالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ،
«مەن سىلەر بىلەن يۇرتداش، شىنجاڭ مېنىڭ ئانا يۇرتۇم،
ئۇيغۇر تىلى مېنىڭ ئانا تىلىم» دېگەندە، ئوقۇغۇچىلار ھەيران-
لىق، خۇشاللىق ۋە قايىللىق ھېسسىياتلىرى بىلەن ئالقىشلارنى
ئۇزاقىچە ياڭراتتى.

لېكسىيەدىن كېيىن يۇلتۇز خانىمنى تاماققا تەكلىپ
قىلدۇق. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى، مالايشىيادىكى
خىزمەت ۋە پائالىيەتلىرى، مالايشىيانىڭ ئەدەبىياتى، مائارىپى
قاتارلىقلار توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. مەلۇم بولدىكى، يۇلتۇز
خانىمنىڭ جەمەتى غۇلجىدىن بولۇپ، ئۆزى 1949 - يىلى تەي-
ۋەندە تۇغۇلغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تەيۋەن ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ چەت ئەل تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە باكالاۋۇر-
لۇق ئۇنۋانىغا، ئامېرىكىنىڭ مىسسۇرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز
ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا، مالايىيا ئۇنى-

ۋېرسىتېتىدا خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە ئەنگلىيەنىڭ كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ مالايشىيادىكى مارىرا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە مالايىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكتور، رامان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا دوتسېنتلىق سالاھىيتى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ھەمدە بىر قانچە ئالىي مەكتەپتە «يۇلتۇز دەرسخانىلىرى»نى بەرپا قىلغان.

يۇلتۇز خانىم خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر دوكتورى، تەيۋەننىڭ «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ۋە مالايشىيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇن يازغۇچىسىنىڭ بىرى، شۇنداقلا پىشقان مائارىپچى ۋە تونۇلغان جامائەت ئەربابى. ئۇ 1996 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە، مالايشىيا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مالايشىيادىكى خەنزۇچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان، نۇرغۇن نەسر ۋە ھېكايىلەرنى يازغان. ئۇ «كۆرىمەن، ئويلايمەن، يازىمەن»، «چاي ۋە قەھۋە»، «مەيىن شامال»، «يۇلتۇز مەكتۇپلىرى»، «ھاياتلىق يولىدا»، «بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى»، «گۈزەل مالايشىيا»، «تەشنا مەن شۇ بىر دەستە گۈلگە» قاتارلىق نەسرلەر توپلاملىرىنى ۋە «شياۋ مىڭنىڭ تەنھەرىكەت كۆرىكىگە قاتنىشىشى»، «تەتىل خۇشاللىقى»، «داڭدار بالا جېلىڭ شياۋچياڭ»، «سېھىرلىك دۇربۇن»، «قانات»، «ياغاچ ئۆي» قاتارلىق باللار ھېكايىلەرى توپلاملىرىنى نەشر قىلغان، شۇنداقلا «ئاخشامقى يامغۇر» قاتارلىق مالاي ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان.

يۇلتۇز خانىم جامائەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، تەيۋەندىكى مالايشىيالىق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى قىزلار بۆلۈمىنىڭ رەئىسى، مالايشىيادىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سولۇندىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ مالايشىيانىڭ مائارىپ تېلېۋىزىيەسىدە خەنزۇچە ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە مالايشىيا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھەم رادىيو ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە رادىيو دراماسى سىنارىيەلىرىنى يازغان. ھازىر مالايشىيادىكى كۈنچىڭ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە «ئالتۇن شىر» فوند جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە ھەمدە مالايشىيانىڭ دۆلەتلىك رادىيو ئىستانسىسىدا «ئىدىيە مەنبەلىرى» دېگەن پروگراممىسىغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا. يۇلتۇز خانىم يەنە ئاياللار مەسىلىلىرى ۋە ئاياللار مائارىپىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرى بولۇپ، مالايشىيادىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەر ھەمدە ئىدارە - ئورگانلارنىڭ تەكلىپلىرىگە بىنائەن لېكسىيەلەرنى سۆزلەپ تۇرىدىكەن.

بىز مالايشىيا ئەدەبىياتىدا چاقنىغان بۇ يۇلتۇز بىلەن ياخشىراق تونۇشۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ «گۈزەل مالايشىيا» ناملىق خاتىرىلەر توپلىمىنىڭ «ئاپتور سۆزى»نى ۋە «مېنى يىغلاتقان گۈزەللىك» دېگەن خاتىرىسىنى تەرجىمە قىلدۇق:

**«گۈزەل مالايشىيا» ناملىق خاتىرىلەر توپلىمىنىڭ «ئاپتور سۆزى»**

80 - يىللاردا مەن تەكلىپكە بىنائەن ساراۋاك شەھىرىنىڭ مارۇدى دېگەن يېرىگە نۇتۇق سۆزلىگىلى كەلگەنىدىم. ئۇ چاغلاردا مېرىگە بىۋاستە ئۇچىدىغان ئايروپىلان بولمىغاچقا، كۇئالالۇمپۇردىن كۇچىڭغا كېلىپ، باشقا ئايروپىلانغا ئالماشتىم ۋە سىبۇ ئارقىلىق مېرىگە كەلگەنىدىم. مېرى ئايرودرومىدا مېنى كۈتۈۋالغان دوستلىرىم مارۇدىغا يەنە بىر كۈن يول يۈرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك كېمە بىلەن ماڭامسىز ياكى ئۇن كىشىلىك كىچىك ئايروپىلان بىلەنمۇ؟ دەپ سوراشقانىدى. مەن بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئايروپىلان بىلەن مېڭىشنى قارار قىلغانىدىم ۋە توپتوغرا بىر كۈن يول يۈرۈپ مەنزىلگە يەتكەنىدىم. مارۇدى پەقەت بىرلا كوچىسى بار، ئاھالىسى ئاز بىر كىچىككىنە بازار ئىدى. مەن چۈشكەن ئىككى قەۋەتلىك سارايىنىڭ ئاران تۆت ياتاقخانىسى بولسىمۇ، بۇ ساراي مارۇدىلىكلەرگە بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدەك تۇيۇلاتتى. مەن ياتاقنىڭ كوچىغا قارىغان دېرىزىسىدىن ئۈچ بۇرجەكلىك قىسقا ئىشتان كىيگەن يۇنانلارنىڭ ئولجىلىرىنى يۇدۇشكەن پېتى كوچىدا رەتلىك تۇرۇشۇپ، سودىلىشىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلدىم. كېيىن كوچىغا چىقىپ، كىندىكىنىڭ ئۈستى تەرىپى يالىڭاچلانغان ئاياللار بىلەن ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇرۇپ، يېڭىلا ئۈزۈلگەن مېۋىلەردىن ھوزۇرلانغاچ پاراڭلاشتىم. ئۇلارنىڭ قوچاقلىرىدىكى بوۋاقلار مەيىن شامالدا تاتلىق ئۇخلايتتى، بۇ مەنزىرىگە ھەلەك بولۇپ، دۇنيانىڭ باشقا ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغانىدىم.

قانداق بىر غايە ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ كۈچىكىن، ئۇ چاغلاردا ئايدا ئۈچ - تۆت قېتىم ئۇياق - بۇياققا بېرىپ نۇتۇق سۆز

لەيتتىم. چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەر تۇگۇل، مالايشىيادا تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن كىشىلەرمۇ بېرىپ باقمىغان، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان
خىلۋەت جايلارغىمۇ باراتتىم، شۇ جايلارمۇ مارۇدىغا ئوخشاشلا
مەندە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغانىدى.

مۇشۇنداق سەپەرلەردىكى كەچۈرمىشلىرىمنى ئائىلەمدى-
كىلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرگەندە ياكى ئەسلىگىنىمدە، قوللىرىم
قىچىشىپ يېزىپ قوياتتىم. مېنىڭ «جۇڭگو گېزىتى»دە
مەخسۇس سەھىپەم بار ئىدى، نۇرغۇن خاتىرىلىرىم باش مۇ-
ھەررىرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، شۇ مەخسۇس سەھىپىدە
ئېلان قىلىنغانىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن قولىمىزدىكى بۇ
كىتابنىڭ تۈرەلمىسى بارلىققا كېلىپ قالدى. بۇ ماقالە ۋە خاتىرى-
لەر ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ يالدامىسى ياكى ئەسلەتمىسى بولسىمۇ،
ئۇنىڭدىن كۆپچىلىك بىلەن بىللە ھۇزۇرلىنىشنى لايىق تاپتىم.

ۋاقتىنىڭ شاۋقۇنلىرى قۇلاق تۈۋۈمدىن نېرى كەتمىدى.
ئېسىمنى يىغسام، مالايشىيادا ياشاۋاتقىنىمغا ھەش ـ پەش دېگۈ-
چە 30 يىل بوپتۇ. 30 يىل بۇرۇن مەن دادامنىڭ ئالقىنىدىكى
ئەتىۋارلىق، خېنىم خۇيلۇق قىزى ئىدىم. كېيىن چوڭ شەھەر-
نىڭ مەدەنىي، باياشات تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، سەمەرراھ
دېگەن يەردىكى قىيىنئاتامنىڭ ۋېلىسىپىت دۇكىنىغا كىرىپ
قالدىم. مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنىڭ
زىلزىلىسى تاكى بۈگۈنگە قەدەر قەلبىمنى تىترەتمەكتە. بىراق
تەيۋەندىكى ساۋاقداشلىرىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ۋە يارۇ ـ بۇ-
رادەرلىرىمنىڭ نەزەرىدە، مەن ئاللىبۇرۇنلا جەنۇبىي دېڭىزنىڭ
ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان مالايىيا كېلىنى بولۇپ بولغانىدىم.
ئەينى يىللاردا بەزىلەرنىڭ «يۇلتۇز مالايشىياغا ياتلىق بوپتۇ،
ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بوپتۇ، ئۇ يەرنىڭ مۇھىتىغا قان-
داقمۇ كۆنگەندۇ؟ بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشقۇ!» دەپ
غەيۋەت قىلىشقانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مانا ئەمدى، مالايشىيادا
ياشاۋاتقىنىمغا ئۈچ يىلدىن ئون ھەسسە ئېشىپ، 30 يىل
بولدى، بىراق مەن مالايشىياغا تېخى قانمىدىم.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى ئالدىنقى ئەسىردىلا نەشر قىل-
دۇرماقچى بولغانىدىم. لېكىن ھۇرۇنلۇق قىلىپ، بەش ـ ئالتە
يىل كېچىكتۈرۈۋەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا
ئائىلىمىزدە جىق ئۆزگىرىشلەر بولدى، كۆيۈمچان قېيىنئاتام
بىلەن قېيىنئانام ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولدى، قېيىنئاتام 70
يىل ئەجىر قىلغان ۋېلىسىپىت دۇكىنى 2004 ـ يىلى چاغان بايرى-
مىنىڭ 1 ـ كۈنى ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كۈل بولدى. بۇ ئوت قې-
يىنئاتامنىڭ قان ـ تەرىنى ۋە يۈرەك باغرىنىلا ئەمەس، يولدى-
شىم ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ باللىق چاغلىرىدىن بۇيانقى
ئەسلىمىلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى، مەن يېلىنلاپ تۇرغان
خارابىگە قاراپ، ئۆرتەنگەن ھالدا خىيالغا پاتقانىدىم.

30 يىل بۇرۇن مەن مۇھەببەتنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن بۇ
يەرگە كەلگەنىدىم، كېيىن ئەتراپىمدىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر-
نىڭ غەمخورلۇقىدا ھازىرقى يۇلتۇز بولۇپ يېتىلدىم. قېيىنئانام
مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ئايال بولسىمۇ، مېھرىبانلىقى، پەم-
پاراسەتلىكلىكى ۋە ئىشچانلىقى بىلەن ماڭا ئەڭ ياخشى ئۈلگە
بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ كۆيۈنۈشنى ئاغزى بىلەن ئەمەس، ھە-
رىكىتى بىلەن ئىپادىلەيتتى، ئۇ مېنى ھۆرمەتلەيتتى، ماڭا يول
قوياتتى ۋە كۆيۈنەتتى، ئاتا ـ ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمدىن شۇنچە
يىراقتا بولسامۇ، مېنى تۇغقانلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەب-
بىتىدىن بەھرىمەن قىلىپ تۇردى. رېئال تۇرمۇشتا قېيىنئانىلار-
نىڭ كېلىنلىرىنى خورلايدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرارمىش، لېكىن
قېيىنئانامنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسىدە پەقەت قىزلىرىنى قىز-
غاندۇرىدىغان ئىشلارلا بولۇپ تۇراتتى. قېيىنئاتام كۆز يۇمىدى-
غان چاغدا «جېنىم بالام، ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ!» دەپ
ۋەسىيەت قىلغانىدى. مەن قېيىنئاتامنىڭ تاياقتەك بولۇپ قالغان
قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۈنسىز يىغلىۋەتكەنىدىم.
مەن مۇشۇ كىتابىم بىلەن، مېنى بۇ گۈزەل تۇپراقتا شاد ـ خۇرام
ياشاتقان بۇ بىر جۈپ پەدەرى بۇزرۇكنى ياد ئېتىمەن ۋە
ئۇلارغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

## مېنى يىغلاتقان گۈزەللىك

### ــــ مەرھۇم قېيىنئاتامنى ئەسلەپ

يامغۇر ياغاي دەيتتى ـ يۇ ياغالمايتتى. ھاۋانىڭ دىمىقلىقى-
دىن پۈتكۈل شەھەر نەپەس ئالالمايتتى. بىر ـ ئىككى ئاپتومو-
بىل ۋە مەپىنىڭ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكەنلىكىنى، رىكشىچىلەرنىڭ
ھاسىراپ ـ ھۆمدەپ ئاران كېتىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
كوچىدا ئادەمزاتنى كۆرگىلى بولمايتتى.

مەن كۆرۈنۈشتە قېيىنئاتامنىڭ دۇكىنىغا قاراۋاتقان بول-
سامۇ، ئەمەلىيەتتە دۇكان ئالدىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتىم. قو-
لۇمدىكى گېزىتنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ
ئولتۇرمىغان بولسام، ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالاتتىم.

ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئىچىم راسا سىقىلىۋاتقاندا، مالاي
مىللىتىدىن بولغان بىر بالا ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە ئالدىمغا

كەلدى - يۇ، بويىنى سوزغىنىچە ھەدەپ دۇكاننىڭ ئىچىگە قارىغىلى تۇردى.

«بىرەر نەرسە ئالامسىز؟» دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بويى مۆرەمگىمۇ كەلمەيدىغان، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ۋېلسىپىتىدىنمۇ پاكار بۇ بالىغا قاراپ.

«پامپ» دېدى ئۇ، ۋېلسىپىتنىڭ چاقىغا يەل ئۇرۇش ھەرىكىتىنى ئىشارەت قىلىپ.

ھە، ناسوس ئالماقچىكەن - دە، كىچىك بولسىمۇ، بىر سودىنى پۈتتۈرىدىغان بولدۇم دېدىم ئىچىمدە. بىراق ناسوسنىڭ نەدىلىكىنى ئىزدەپ تاپالماي، ئۆزۈمنىڭ دۇكاندار ئەمەسلىكىمنى چاندۇرۇپ قويدۇم. قانداق قىلاي؟ قېيىنئاتامنى ئويغىتايمۇ - يا؟ ئۇ ئەمدىلا ئۇخلىغانىدى. ئۇنى ئويغاتمىسام سودا ئۆلىدۇ، مۇشۇ خىياللار بىلەن قېيىنئاتامنىڭ يېنىغا ئاستا باردىم.

ئۇ 20 يىلنىڭ ئالدىدا ياسالغان رەپ - رەپ ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ ياتاتتى، نەچچە تال ئاق چېچى شامالدا يېنىك تىترەيتتى. قورۇق باسقان يۈزلىرىدە يىللارنىڭ ئىزناسى جىلۋىلىنەتتى، شۇ تاپتا ئۇ ناھايىتى خاتىرجەم، تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

«دادا، ناسوسقا خېرىدار چىقتى!» دەپ ئۇنى ئاستا ئىتتىردىم. ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى - دە، گەپ - سۆز قىلماي، ساپما كەشىنى سۆرىگىنىچە دۇكاننىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇلۇڭدىكى ئىشكاپتىن بىر ناسوسنى ئېلىپ، ھېلىقى بالىغا بىر نېمەلەرنى دېگىنىچە، ئۇنىڭ ۋېلسىپىتىگە يەل ئۇرۇشقا باشلىدى، ئالدى چاقىغا ئۇرۇپ بولۇپ، كەينى چاقىغا ئۇردى، ئاندىن ئېگىشىپ، چاقلارنى سىقىپ باقتى، يەلنىڭ يېتەرلىك ئۇرۇلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، بالىنىڭ باشلىرىنى سىيلاپ قويدى. بالا خۇشال بولۇپ، ۋېلسىپىتنى مىنىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ۋېلسىپىتى توختىماي تاراقشىسىمۇ خېلى سالماق ماڭاتتى. قېيىنئاتام ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى.

«دادا، ئۇ ناسوس ئالمامدىكەن؟» دېدىم مەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

«بۇ كۈنلەردە كىم ناسوس سېتىۋالسۇن، بالام! يەل ئۇرغىلى كەپتۇ.»

«پۇل ئالمىدىڭىزغۇ؟» دېدىم مەن ھېلىقى بالىنىڭ قېيىنئاتامنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغانلىقىدىن سەل نارازى بولۇپ.

«يەل ئۇرۇپ بەرگەنگىمۇ پۇل ئالغان بارمۇ، بۇ قانچىلىك ئىشتى! يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بوۋىسى مېنىڭ ئاغىنەم تۇرسا!» دېدى قېيىنئاتام ساپما كەشىنى سۆرىگىنىچە دۇكانغا كىرىۋېتىپ.

ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراشلا يۈرەتتى، ۋېلسىپىتلەرنىڭ زەنجىرلىرىنى ئالماشتۇراتتى، چاقلىرىنى ياماتتى، روللىرىنى پاياتلايتتى، بەدەنلىرى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، ئۈستىبېشى مايلىشىپ كەتكۈچە توختىماي ئىشلەيتتى، ئەمما شۇنچىۋالا ئىشلارنىڭ بەدىلىگە ئاران تۆت - بەش مو، ئېشىپ كەتسە بىرەر سوم ھەق ئالاتتى. شۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلىپ، ناھايىتى خۇشال يۈرەتتى.

مەن قېيىنئاتامنىڭ بۇنداق پايدىسىز سودىدىن قول ئۈزمەي كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشەنمەيتتىم. لېكىن ئۇ كۈن چۈشمەيدىغان بۇ دۇكاندا توپتوغرا 70 يىلنى ئۆتكۈزدى، ئۇ مايلىشىپ كەتكەن كىر قوللىرى بىلەن پاكىز، ھالال پۇل تاپاتتى. ئۇنىڭ تۆلىگەن بەدىلى ئېرىشكىنىدىن كۆپ بولسىمۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرگىز ھېسابلاشمايتتى، ئەكسىچە بۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپاتتى.

قېيىنئاتام مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، تىجارەت قىلىشنى بىلمەيدىغان، كىشىلەر بىلەن ئۇدۇللا مۇناسىۋەت قىلىدىغان، راستچىل، سەممىي ئىشلەشنىلا بىلىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ مۇشۇ كىچىككىنە تىجارىتىنى چوڭ ئىش بىلىپ، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى، خېرىدارلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوستۇم دەپ بىلەتتى، ئۇ ئۆمرىدە بېيىپ باقمىغان بولسىمۇ، تۇرمۇشنى مەنىلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەنىدى.

مانا، ئۇنىڭ خېرىدارى يەنە كەلدى، ئۇ يەنىلا شۇ كونىراپ كەتكەن كىيىملىرى بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە، ۋېلسىپىتنىڭ ئۇ يەر - بۇيەرلىرىنى ياسىغىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ، مېنى ئىچى - ئىچىمدىن يىغا تۇتتى. بۇ يىغا قانداقتۇر قېيىنئاتامغا ئېچىنغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتىدىن تەسىرلەنگەنلىكىمدىن پەيدا بولغانىدى. مېنىڭ مۇشۇ ئەسنادىكى ھېسسىياتىم خۇددى قاتمۇقات قاقاس تاغلار ئارىسىدا ئۇزاق يول يۈرۈپ راسا چارچىغاندا، قىيا ئۈستىدىكى بىر گۈلنى كۆرۈپ قالغان ئادەمنىڭكىگە ئوخشايتتى. دەرۋەقە، بىرەر تال گۈل ھېچقانچە نەرسە ئەمەس، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئەتراپىغا ھۆسن قوشۇپ، خۇش پۇراق چاچىدۇ. راستىنى ئېيتسام، قېيىنئاتامدىكى بۇ گۈزەللىك ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ يىغىسىنى كەلتۈرىدۇ.

---

بۇ يازمىلارنى تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى، پىروفېسسور، ئاتاقلىق تىلشۇناس.



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

### بوز قىردىكى خىياللار

▲ رەھىمسىز زالىملارنىڭ زۇلۇم ـ جەبرىسى، ئىرادىسىز مەزلۇملارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسى كۆپ بولىدۇ.

▲ مەككار قوشناڭغا مەخپىي سىرىڭنى تۆكمە.

▲ نىيى يوق پۇچەك كەسپىڭنى، ئەقلى يوق ئەخمەق دوستۇڭنى تاشلىۋەت.

▲ مەسئۇلىيەتسىز ئەرنى يۈرەكلىك، ئادىل دېمە، مارىكسىز مالنى سۈپەتلىك سەرخىل دېمە.

▲ چۆپى يوق ئېدىر ـ دالىدىن پادىلار،
ئەخلاقسىز، پېقىر دادىدىن باللار قاچىدۇ.

▲ ئېشەكتىن تۇلپار، پاختەكتىن شۇڭقار تۇغۇلماس.

▲ ھارامخور ساتقان سۈتنە، پارىخور سوققان چوتتا مەسىلە بار.

▲ يەردە يوق ھوسۇل خاماندا، ئۆيدە يوق ھۇزۇر جاھاندا بولماس.

### تەپەككۇر كۆزى

▲ چىۋىننى جەلپ قىلغان تەخسىدىكى شېكەر، ھۇرۇننى مېيىپ قىلغان ئۆگزىدىكى كەپتەر.

▲ قوينىڭ بېشىغا چىققان ئېدىرنىڭ سەگەك بۆرىسى، ئەرنىڭ بېشىغا چىققان ساختىپەز تېۋىپنىڭ بۆرەك دورىسى.

▲ ئەرلەر موت ـ موت يەردە ئاياللارنىڭ ئىپپىتى، ئاياللار كوت ـ كوت ئۆيدە ئەرلەرنىڭ ھۆرمىتى يوق.

▲ نادانلار كىشىنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى بىلەن كىيىم، ھۆسنىنى؛ دانالار كىشىنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن بىلىم، ھۈنىرىنى باھالىغۇچىلاردۇر.

▲ ئاسمان بۇزۇلغان چاغدا ھاكچىلار، ئىنسان بۇزۇلغان جايدا ساقچىلار ئالدىراش.

▲ خۇشامەتچى كۆڭلىدە ھەقىقىي ھۆرمەت، سۇخەنچى قەلبىدە سەممىي نىيەت بولمايدۇ.

▲ نادان قوۋم ئىچىدىكى تەنھا ئاقىلنىڭ دىلى، زالىمنىڭ ئۆيىدىكى دانا خوتۇنىنىڭ تېنى يارا.

▲ ھۇرۇننىڭ شەھەرگە ئىمارەت سالغىنى، ئوغرىنىڭ سەھەردە توۋا قىلغىنى يالغان.

▲ خاڭنىڭ كۆمۈرىنى كۆپ تۈتىدىغان ئادەمنىڭ

قولى قارا، ئەرنىڭ تومۇرىنى تۇتىدىغان ئايالنىڭ كۆڭلى ئالا بولىدۇ.

▲ ئەلنىڭ تۆرىسىنى خورلىغانلىق، ئامنىڭ ھېرىسىنى چۇخچىغانلىق بولىدۇ.

▲ پۇل خەجلىگەندە ئاتاڭنىڭ ئۆرۈلگەن يانچۇقلىرىنى، ئاش يېگەندە دېھقاننىڭ قاپارغان قوللىرىنى ئويلا.

— تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور: كۇچا ناھىيە، خانقىتام يېزا چىمەن كەنتىدە.

## تېرەن جەۋھەرلىرى

▲ ئەي، قەلبى ئويغاق تەپەككۇر ئىگىسى، ھەر ۋاقىت ئەقلىڭگە ھاكىم، جىسمىڭغا ھەكىم بولغىن.

▲ ئىككى ئىشنىڭ ۋاقتىنى پەقەتلا كىچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ: بىرىنچىسى، ۋاقتىدا بايقالغان كېسەلنى جىددىي داۋالاش، ئىككىنچىسى، ئېتىقاد ۋە ئەخلاقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ پۈتتۈشكەن توي مەرىكىسى.

▲ ئۆزلۈك ساپاسى ھەم بىرلىك مەيدانى يوق بىچارە بۇ دۇنياغا كېلىدۇ، ھايۋان كەبى يەپ- ئىچىپلا ئۈن- تىنسىز كېتىدۇ.

▲ غېرىب روھى كۆلبىلەر مېھرلىك بېغىشلار ھەم بىر - بىرىگە تەلپۈنگەن قەلبنىڭ پىنھان ماكانىغا ئورۇنلاشقان ئىشەنچلىك ھېس- تۇيغۇلار ئارقىلىق ئاۋات بولىدۇ.

▲ ئەي غاپىللار، «قاتار چاي»غا تىزىلىپ كەتكەن «تىزىملىك» تەرتىپىڭلار بويىچە كىتابخانىغا يىغىلغان بولساڭلار نەقەدەر ياخشى بولاتتى- ھە!

▲ ئاچ كۆزنىڭ ئاغزى كوھقاپ، يۇتار ھەممىنى يالماپ.

▲ سەممىيەتنىڭ شوللىرىنى ھەق سۆزدىن ئىزدە.

▲ ھۈنەر — باياشاتلىققا باشلار.

▲ مەنۋىيىتى پاك ۋە ساپ بولغان قىزلار خۇددى سەھەردە ئېچىلغان گۈل كەبى ئۇماق ۋە مەپتۇنكار بولىدۇ.

▲ مەنىلىك ھاياتنىڭ دەسمايىسى — تىجەشلىك ۋاقىت.

▲ ئەخلاقنىڭ كەمتۈكلۈكى — ئېتىقادنىڭ سۇسلۇقى.

▲ پىشىپ يېتىلمىگەن ئەقىل مەھكۇملۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ «ئامانەت»كە خىيانەت قىلغان ۋاقتىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەختىنى ۋەيران قىلىپ، مەڭگۈلۈك لەنەتكە قالغان ۋاقتىڭدۇر.

▲ دەرد ئۈستىگە دەرد كەلگەن تۇرۇپمۇ سىڭلىڭ دەردلىرىڭنىمۇ تەڭ تارتىشىپ بېرىدىغان ئىنساندىن دوستلۇق مېھرىڭنى تەرك ئەتمە.

▲ تۈنجى قەدەمدىلا ۋاز كېچىش — ئۆز رازىلىقىڭ بىلەن پۇشايمان كوچىسىغا قاراپ يول ئالغىنىڭ.

▲ روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ ئالامىتى — ياسالما ھالەتتە خۇشال يۈرۈش.

▲ چوكا بىلەن قوشۇقنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇھىم، گەپ قاچىدىكى تاماقنىڭ قايسىسىغا باپ كېلىشىدە.

— ئابدۇرەھىمجان مۇھەممەد تىرەن

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا شورۇق كەنتىدە پۇقرا

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ ئىككى نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتتىم، بىرى ھايات قەدرىگە، يەنە بىرى بىلىم قەدرىگە.

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن بىر نەرسىنى پەقەت تاپالمىدىم. ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر كۆپ ئاڭلاپ، سېسىق كېكىرىپ «ھۆ» بوپ كەتكەن ئېلان بەتلىرىنى...

## قەلب سادالىرى

▲ بىلگەنلىرىڭ ئاز بولسا كۆپ سۆزلىمە.

▲ تىلىڭنى ئەقلىڭ بىلەن باشقۇرساڭ قەلبىڭ يورۇق بولىدۇ.

▲ ئەگەر ئاستىڭدا ئۇچار تۇلپار بولسىمۇ پىيادە ماڭغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالما.

▲ نەپسىڭنى قويۇپ بەرسەڭ ھاياتىڭغا قەست قىلىدۇ.

## قەلب گۈلخانلىرى

▲ قۇياشمۇ پاتار چاغدا سارغىيىدۇ.

▲ مايسا چاغدا ئېگىلىپ ئۆسكەن باشاق سارغايغاندا ئوڭاي سۇنۇپ كېتىدۇ.

▲ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى قاتتىق ئۇخلاۋاتقانلار بىلمەيدۇ.

▲ يولۋاسنىڭ رەڭگى ئەمەس، تۇرقىنى سىزىش تەس، ئادەمنىڭ چىرايىنى ئەمەس، كۆڭلىنى بىلىش تەس.

▲ ئوچۇق- يورۇق بولۇش ئەڭ قىممەتلىك پەزىلەت.

▲ ئۆزگىنىڭ ھالۋىسىدىن ئۆزۈمنىڭ ئاچچىق سىركىسى ياخشىراق.

▲ سۇ قەدرىنى كېمچىدىن سورىماي، ئۇنى چۆلدە قالغان تەشنا كىشىدىن سورا.

▲ ئىرادىدىن سائادەت بىنا بولۇر.

▲ كىمكى ئەلگە زىيان سالسا، ئاخىر ئۆزىمۇ خانىۋەيران بولىدۇ.

▲ قايسى جايدا غېرىب خورلانسا، شۇ جاي خاراب ماكانغا ئايلىنىدۇ.

▲ سېتىۋالغۇچى كۆرۈپ ئېلىشنى، مەككار ساتقۇچى كۆرسەتمەي بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

▲ ۋىجدانىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمىسىمۇ لېكىن پۇلغا سېتىۋەتكىلى بولىدىكەن.

▲ تاغ يېقىنلىغانسېرى چوڭ كۆرۈنىدۇ، ھالبۇكى ئۇلۇغ ئادەملەر يېقىنلىغانسېرى ئاددىي، كىچىك كۆرۈنىدۇ.

▲ ئەينەك تاشقى دۇنيانى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىچكى دۇنيانى كۆرسىتىدۇ.

▲ دانىشمەندەك پىكىر قىل، پۇقرادەك سۆزلە.

▲ شەيتان ھەسرەت چەككۈچىلەرگە ئامراق.

▲ كۆڭۈل تارتقان يەرگە بېرىشنى ئاياغ ئېغىر ئالمايدۇ.

▲ تۈلكە قاپقانغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى قاپقاندىن كۆرىدۇ.

▲ بېلىقنى ئازابقا سالغىنى قارماقتىكى يەم.

▲ قەرز كۆرۈنمەيدىغان كىشەن.

▲ پارچە پۇلنى يىغىپ خىراجەت قىلغاندەك پارچە ـ پۇرات ۋاقىتنى يىغىپ ئىشلەتكەن ياخشى.

▲ دوست تېپىش ئاسان، دوست بولۇش تەس.

▲ نادانلار كۆرەڭلەپ قۇدۇققا دەسسەپ سالىدۇ، دانالار ئۆزىنىڭ باسقان ئىزىغا دىققەت قىلىدۇ.

▲ نەتىجە بىلەن ئابرۇي قوشكېزەك.

▲ ھەقىقەت پاش قىلىشتىن قورقمايدۇ.

▲ تۇرمۇش — مەكتەپ، لېكىن ھەممەيلەننىڭ بۇ مەكتەپنىڭ دىپلومىنى ئالالىشى ناتايىن.

▲ «سەندەل بولساڭ تۇرۇپ بەر، بولقا بولساڭ ئۇرۇپ بەر» دېگەن سۆز ھەممەيلەننىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا قارىتىلغان.

▲ نادان كىيىمگە، ئاقىل بىلىمگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

▲ تاشتەك سالماق، تۆمۈردەك چىداملىق بولۇش ياخشى خىسلەت.

▲ مۈشۈكنىڭ چاشقان تۇتۇشى قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئادەتلەنگەنلىكىدىن.

▲ دانىشمەننى ئەقىل، پۇقرانى تەجرىبە، ھايۋاننى سەزگۈ يېتەكلەيدۇ.

▲ يوپۇرماقنىڭ ئېسىل پەزىلىتى گۈلگە ھەسەتخورلۇق قىلمايدۇ.

▲ زەنجىر ئۆزىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقىدىن ئەنسىرەيدۇ.

▲ دۆلەتنىڭ بايلىقى ئالتۇن ئە[illegible]، بەلكى ساپالىق خەلقى.

▲ مېۋىلىك دەرەخ يازدا مېۋە ب[illegible]ردىم دەپ غادايمايدۇ، قىشتا يالىڭاچ قالدىم دەپ زارلانمايدۇ.

▲ ئۇزاقتا پىشقان مېۋە تاتلىق بولىدۇ.

▲ ئەستايىدىل بولۇش يېرىم ئەقىل.

▲ ۋىجدان ئاۋاز چىقارماي ئازابلايدۇ.

## قەلب چەشمىلىرى

▲ تۈنۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ خاپىلىقىدا بۈگۈننى يادىدىن چىقىرىپ قويۇش تولىمۇ نادانلىقتۇر.

▲ ۋاپادارلىق ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئەبەدىيلىك مىزانى.

▲ ياشلىقتىكى كۈلپەتتىن قېرىلىقتىكى ھەسرەت يامان.

▲ تۈنۈگۈن ئارمان، بۈگۈن پۇرسەت، ئەتە ئارزۇ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئائىلە ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا يول باشلىغۇچى نۇرلۇق چىراغ.

▲ ئائىلە ئەر ـ ئايال پەرزەنتلەرنىڭ يۈرىكىنى ياشارتقۇچى مېھىر ـ مۇھەببەت.

▲ ھايات ئەسلىدە بىر ئاچچىق دورا، ئۇ قەدرىنى بىلگەنلەرنى كۈلدۈرسە، قەدرىنى بىلمىگەنلەرنى ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ.

▲ دوستۇم سەن ئۆز جەلپكارلىقىڭنى ئاشۇراي دېسەڭ ھەرىكەتتە چاققان، پەزىلەتتە ئېسىل، ئالىيجاناب، نىيەت ـ ئىقباللىڭدا دۇرۇس بول.

— ئىمىن ھاشىم (78 ياش)

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتتىن.

## ئەيىب ھەققىدە

▲ ئەخلەت كۆتۈرۈش ئەيىب ئەمەس، خۇشامەت تەخسىسىنى كۆتۈرۈش ئەيىب.

▲ تاۋاق يالاش ئەيىب ئەمەس، تاپان يالاش ئەيىب.

▲ يۈك توشۇش ئەيىب ئەمەس، گەپ توشۇش ئەيىب.

▲ چاچ بوياش ئەيىب ئەمەس، كۆز بوياش ئەيىب.

چاچنىڭ ئاقىرىشى ئەيىب ئەمەس، جامائەت ئالدىدا قىزىرىش ئەيىب.

— غۇجىئەخمەت مۇھەممەت (تىتىك)

ئاپتور: لوپ ناھىيەلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىدە.

## قەلب چېقىنلىرى

▲ دانالار سۆزىگە كىرمىگەن ئەل - يۇرت،
ھەرىكەت سېزىمىدىن قېپقالغان بەل، پۇت.

مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا كىتابسىز كۈنلەر،
بەرگىدىن ۋاقىتسىز توزۇغان گۈللەر.

دەستلەپ ئوقۇغان بىلەن كىتاب،
تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ كەلگىنىڭ ھېساب.

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرىپەت)

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 - قورۇدا.

## ئەقلىيە ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەر

▲ بىر تال تېرىقتەك ئۈمىدلا بولىدىكەن، غايەڭ چوقۇم چېچەك ئاچىدۇ.

▲ سېكۇنتلاپ مېڭىۋاتقان سائەت ئىسترېلكىسىغا سەل قارىما، ئۇ سېنى يىگىتتىن بوۋايغا، قىزدىن مومايغا ئايلاندۇرىدۇ.

▲ رىيائىلىقنىڭ قۇربان بولۇشى ئادەمنىڭ پاجىئەسىدۇر.

▲ بىر ئادەم ياكى بىر مىللەتنىڭ ئۆزلۈك خاراكتېرىنى يوقىتىشى — شۇ ئادەم ياكى شۇ مىللەتنى كۆمۈۋەتكەن بىلەن باراۋەردۇر.

▲ بەدەل — نىشاننىڭ ئوزۇقى.

تاماگەرلىك — نىشاننىڭ قوۋزۇقى.

▲ ئېغىر مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم، كەلگۈسىنى يارىتىش يۈكىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئادەمدۇر.

▲ ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقنى يېڭىشى — ئۇنىڭ ئىگىلىگەنلىكىگە قاراپ تاشلانغان تۇنجى قەدىمىدۇر.

▲ مەن باشقىلارنىڭ قۇلى بولۇشنى خالىمايمەن ۋە باشقىلارنىمۇ قۇل قىلىشنى خالىمايمەن، بۇ مېنىڭ ياشاش پىرىنسىپىم.

▲ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلەلىگەن كىشى، نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلىدۇ.

▲ گۈزەللىك بىر دەملىك تۇيغۇ ئەمەس، ئۇ مەڭگۈلۈك روھىي تەلپۈنۈش ئېقىمى.

▲ دۇنيادا ئەڭ يېقىن دوستۇم بار، ئۇ بولسىمۇ ئۈمىد؛ دۇنيادا ئەڭ گۈزەل سۆيگۈنۈم بار، ئۇ بولسىمۇ ئۈمىد؛ دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىگىم بار، ئۇ بولسىمۇ ئۈمىد.

▲ مەيلى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، قەيسەرلىك بىلەن ياشا، قەيسەرلىك ئاخىر ھەممىنى يېڭىدۇ.

▲ قىيىنچىلىق، ئاجىز ۋە ئۈمىدسىز كىشىلەرنى يېڭەلەيدۇ؛ قەيسەر ۋە ئۈمىدۋار كىشى ھامان قىيىنچىلىق ئىچىدە يول ئاچىدۇ!

— ئېزىز نۇر

ئاپتور: كۈچا ناھىيەلىك پارتىيە مەكتەپتە.

## ئوقۇش - ئوقۇتۇش ھاسىلاتلىرى

▲ ئۆز باللىرىغا قانداق كۆيۈنسە ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ شۇنداق كۆيۈنىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ نەزەرىدە ئوقۇغۇچىلار ئەڭ سۆيۈملۈك ھېسابلىنىدۇ.

▲ مەكتەپ ئىچى - سىرتىدا ئوبرازىغا دىققەت قىلمايدىغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان ئوقۇتقۇچىدۇر.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ شان - شەرىپىمۇ، جازاسىمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەڭ كاتتا شان - شەرىپى ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ھۆرمەتلىنىشىدۇر.

▲ ئوقۇتقۇچى دەرەخ بولسا ئوقۇغۇچى يوپۇرماق. ئەگەر دەرەخ سۇ ئىچىپ تۇرمىسا يوپۇرماق قۇرۇپ قالىدۇ.

▲ ھەر بىر ئائىلىدە ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت تەكىتلەنسە

پۈتكۈل جەمئىيەت ئۆزلۈكىدىن مەدەنىيلەشكەن بولاتتى.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەخلاقسىز بولۇشى ساپاسىغا بىرىپ تاقالسا، ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخلاقسىز بولۇشى ئوقۇتقۇچىسى، ئاتا-ئانىسى ۋە جەمئىيەتكە بىرىپ تاقىلىدۇ.

▲ ئۆزىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ تەربىيلىمەيدۇ.

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى چۈشەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ دۆتلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدىندۇر.

▲ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەختىگە دۈشمەن.

▲ گىزىت-ژۇرنال كۆرمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىۋېرسال ساپاسىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلاردۇر.

▲ مائارىپى شەكىلۋازلىق بىلەن تولغان مىللەتنىڭ كەلگۈسى تۇتۇق بولىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇندا باراۋەرسىزلىك كۆرۈلسە ئوقۇش-ئوقۇتۇشتىكى ئاكتىپچانلىق سۇسلىشىپ كىتىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىدىنمۇ تەلىم-تەربىيە پۇرىقى چىقىپ تۇرۇشى كىرەك.

## سۇزۇك ھىسلار — سۇزۇك تامچىلار

▲ ئىجتىمائىي ئورنۇڭنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئەمەس، قوشقان تۆھپەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن پەخىرلەن.

▲ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يىيىشتىن قورقمايدىغان ئادەم يا بوغۇلۇپ ئۆلىدۇ، يا تۇتۇلۇپ ئۆلىدۇ.

▲ چىرايىغا كۆيسەڭ ھەسرەتتە، قەلبىگە كۆيسەڭ ھەيرەتتە قالىسەن.

▲ چىرايلىق ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا ئەڭ سەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ ھوقۇق كىبىرگە ئايلانسا جاھانى سۇر باسىدۇ.

▲ قار ھەرقانچە پاك بولسىمۇ يەرگە يىقىنلاشقانسىرى مەينەتلىشىپ بارىدۇ.

▲ يەر تاغ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىگىزلىشىپ، سۇ بولغانلىقى ئۈچۈن پاكلىنىپ بارىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپلا ئىش قىلىدىغان ئادەم مەڭگۈ باشقىلار تاشلاپ بەرگەن نانىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى — ئويغانمىغان كىشىلەرنىمۇ ئويغىتىۋەتتى، بۇ سەھىپىنىڭ كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىۋاتقانلىقى دەل بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتىدۇر.

▲ كۈنلىرىڭنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزەي دىسەڭ قۇرۇق خىيال ھەم سەپسەتىگە بېرىلمە.

▲ ئۆز ھاياتىنى چىن مەنىسىدىن ھەققىي قەدىرلىيەلىگەن ئادەم تۇترۇقسىز ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيدۇ.

▲ ئاكتىپلار مەسئۇلىيەتنى تەكىتلەيدۇ، پاسسىپلار مەنپەئەتنى تەكىتلەيدۇ.

▲ مەن تاغدىن ئىگىز-يىپسىقلىقنى، تاغ باغرىدىكى دەل-دەرەخلەردىن چىدام-غەيرەتنى، تاغ سۇلىرىدىن سىخىيلىقنى ئۆگەندىم.

▲ ھەركىم ئۆزىنى ئۆزى سورىغان بولسا ھىچكىم ھىچكىمنى باشقۇرۇپ يۈرمىگەن بولاتتى.

▲ غاپىل بولما، دادىل بول.

▲ دۇنيادا جىن-شاياتۇنلاردىنمۇ قورقۇنچلۇق نەرسە بار دىيىلسە ئۇ دەل ئىزا ھەم نومۇسنى بىلمەيدىغان ئىنسانلاردۇر.

▲ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئىچىڭنى قايىنتىپ يۈرسەڭ كۆز ئالدىڭدىكى ئىشلارنى ئاقسىتىپ قويىسەن.

▲ ساڭا ئۆزىنى ئاتقانلارنى ئەمەس، ئۆزىنى ئاتىغانلارنى قەدىرلە.

**— ئوبۇل ئوغلى قەلەمىي**

ئاپتور: قەشقەر قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزا شۇشۇ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

## ئاياللار ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ ئەر كىشى تەن بولسا خوتۇن كىشى جاندۇر.

▲ بالىلىرىغا قاراپ ئانىنىڭ ئىلىم-تەربىيىسىنى ۋە ئىگە-نى بىلەلەيسىز.

▲ گۈزەللىكى بىلەن مەدھىيەلەنگۈچى خوتۇن گۈزەل ئەمەس، بەلكى ئەقلى ۋە پەزىلىتى بىلەن مەدھىيەلەنگۈچى خوتۇنلار گۈزەلدۇر.

▲ ئاياللارغا ئەڭ قىممەتلىك كىشى — ئۆزىنىڭ ئېرى، ئەرلەرگە ئەڭ قىممەتلىك كىشى ئانىسىدۇر.

▲ ئايالللاردا ئەرلەرنىڭ ھەققى كۆپتۇر، ئەرلەردە بولسا ئانىلارنىڭ ھەققى كۆپتۇر.

— مۇھەممەد ئاقنىياز

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە قورۇلۇش شىمالىي يولى «ساغىچ» ئولتۇراق رايونىدا.

## مۇساپىرەتنىكى ئېغىر تىننقلار

▲ يوللۇق ئىشقا قىلما قۇللۇق.

▲ ساتقىن سۆيۈنچە بىلەن، جورىسى ئۆيۈنچى بىلەن جان باقىدۇ.

▲ سۇس پوزىتسىيە، ئەپسۇس بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

▲ ئۆرپ - ئادەت شەھەردە غېرىبسىرايدۇ.

— تۇردىھاجى ئابدۇرېھىم

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن.

## تەپەككۇرۇمدىن تەرمەچىلەر

▲ ھايات مۇساپەمدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، روھىم چۈشۈپ غېرىبسىنغان ۋاقتىمدا، ئۇلۇغ ئادەملەر بولغان مۇئەللىملىرىم، دادام ۋە ئانامنى موھتاجلىق ئىلكىدە سېغىنغىنىمدا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدەك سىرداش دوستتىن ئۆزۈمگە تەسەللى تاپىمەن.

▲ ئەگەر سىز بىرسىگە سەممىيەتسىزلىك بىلەن گەپ قىلىۋاتقان چېغىڭىزدا كالا مۆرەپ قالسا، ئۇ سىزگە ئەمەس، كالىغا قارىسا، بۇنداق ئادەمگە گەپ قىلمايلا قويۇڭ.

▲ كاتەكتە سەمرىپ ياتقان توخۇ ئۇچۇشنىڭ قەدرىنى قانداق بىلسۇن.

— گۈلسەيدەم ياسىن

ئاپتور: شىنجاڭ چاقىلىق ناھىيەسىدىن.

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئەينەكتىكى سىز ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىز ئەمەس، شەكلىڭىز.

▲ مەيلى سىز جەمئىيەتنىڭ قانداق قاتلىمىدا ياشاڭ، پەقەت بىلىم ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلسىڭىز شۇ قاتلامنىڭ غوجايىنىسىز.

— فەرۇخ ھاجىمۇھەممەد

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 67 - ئوتتۇرا مەكتەپ 8 - يىللىق 11 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## «باي ئاكامنىڭ خورجۇنىدىكى 68 گۆھەر»دىكى جەۋھەر جۈملىلەر

▲ ئەگەر سەن بىرسىگە بىر تال بېلىق بەرسەڭ، ئۇنىڭ قورسىقىنى بىر كۈن باققان بولىسەن. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىپ قويساڭ ئۇنى بىر ئۆمۈر باققان بولىسەن.

▲ بىر ئادەم غەلىبىنى پىلانلىمىغان بولسا، مەغلۇبىيەتنى پىلانلىغان بولىدۇ.

▲ تۆردىكى ۋاقتىڭدا پەگاھدىكىلەرگە ئوبدانراق مۇئامىلە قىل، چۈنكى پەگاھقا چۈشۈپ قالغىنىڭدا ئۇلار سېنىڭ ئۈلپىتىڭ بولىدۇ.

▲ سەن ئىش قىلىشنى راھەت دەپ بىلسەڭ، ھاياتىڭ جەننەتتۇر. ئەگەر خىزمەتنى بىر خىل مەجبۇرىيەت دەپ بىلسەڭ ھايات دوزاختۇر. ئەگەر سەن خىزمەتكە مەنە بېرەلىسەڭ، ئىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىدىنمۇ، كەچكىدىنمۇ خۇشاللىق تاپالايسەن.

▲ ھوقۇقى بار تۇرۇپ ئىشلىتەلمىگەن ئادەم بولۇمسىزدۇر. تەربىيە كۆرگەن، لېكىن تەسىرى يوق ئادەم كېرەكسىز ئادەمدۇر.

▲ بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك نامراتلىقمۇ، تۈگىمەس بايلىقمۇ يوق، ھەم ئەبەدىيلىك غەلبىمۇ، ئوڭۇشسىزلىقمۇ مەۋجۇت ئەمەس، بارى پەقەت كۈرەش قىلساڭ ئېرىشسەن دېگەن ھەقىقەت.

▲ بىر ھەقىقىي خۇشال ئادەم ئۆزى تاپقاننىڭ قەدرىنى چاقىدىغان ئادەمدۇر. بۇلۇتقا ئوخشاش سومۇرۇشنىلا بىلىپ، باشقىلارغا بەرمەيدىغان ئادەم خۇشاللىقتىن مەھرۇمدۇر.

▲ بىر ياخشى پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۆيدىن چىقماي تۈزگەن مىڭ پىلاندىن ئارتۇق.

▲ ناچار ئادەت كىشىنى قەدەمدە بىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدۇ. ئۇ ئاسان شەكىللەنگەن بىلەن، تەستە تۈزۈلىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش — تەۋەككۈلچىلىك قىلماسلىقتۇر. تەۋەككۈلچىلىك قىلماسلىق — كۆز ئالدىدىكى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتۇر.

▲ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان بىرلىك يوق، ھەمكارلىق ماھىيەتتە بىر خىل نەپ ئېلىش ئۇسۇلىدۇر.

▲ «قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن ئادەم ئۇتۇق قازىنالمايدىغان ئادەمدۇر، چۈنكى «قىلغىلى بولىدۇ» دېيەلىگەن ئادەم بولىدىغان ئىشنىمۇ قىلغىلى بولمايدىغان قىلىۋېتىدۇ.

▲ سەۋر قىلىش قارىغۇلارچە چىداش ئەمەس، ھەم دەردىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىش ياكى مۇتلەق باش ئېگىپ قۇلچىلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇ مىجەز - خاراكتېرنى تاۋلاشتىكى بىر خىل تاكتىكا.

▲ مەن ئەزەلدىن «مەغلۇبىيەت غەلىبىنىڭ ئانىسى» دېگەنگە ئىشەنمەيمەن، بەلكى ئىشەنچ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دادىسى، دېگەنگە ئىشىنىمەن، چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئالغان تۇنجى قەدىمى، شۇنداقلا باسمىسا بولمايدىغان ھەل قىلغۇچ قەدىمى — ئۆزىگە ئىشىنىشتۇر.

▲ تاللاش يولى قالمىغۇچە دادىل ئىزدىنىپ باق، جەزمەن بىر نىجاتلىق يولى تاپىسەن.

▲ ۋاستىگە تايىنىپلا پىلان قىلغۇچىلار تاكتىكىلىق پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ كەشنى كۆتۈرۈپ بېرىشكىلا يارايدۇ.

▲ باھانە بىر خىل ئىدىيە كېسىلى، بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى 99% مەغلۇبىيەت بولسا كىشىلەرنىڭ باھانە كۆرسىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ.

▲ سېنىڭ قانچىلىك ئەقىللىقلىقىڭ مۇھىم ئەمەس، بەلكى ئەقلىڭنى قانچىلىك ئىشلەتكەنلىكىڭ مۇھىم.

▲ بىلىم تاشقى نەرسە، بىزنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزدۇر؛ پاراسەت ئىچكى ئامىل، ئۇ بىزنىڭ كۆرۈنمەس نەرسىلەرنى دىتلىشىمىزدۇر. ھەر ئىككىلىسىنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن كامىل ئادەمگە ئايلانغىلى بولىدۇ.

▲ تەقدىرنى پىلانلاش ھاياتنى پىلانلاشتۇر. شۇڭا تەلەي كۈتۈپ ئولتۇرماي، تەلەينى قانداق كەلتۈرۈشنى بىل.

▲ تۇرمۇشتا يا ئوتى، يا سۈيى بولمىغان، خۇش بولغىنىنى ياكى خاپا بولغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان مەسلىھەتى يوق ئادەمدىن، يىغلىسىمۇ نىشانغا ئېتىلىپ تۇرىدىغان ئادەم ئارتۇق.

▲ ئۆزۈڭنى قالتىس مەن دەپ قارىغانسېرى قالتىسلاردىن بولسەن، ئاكتىپ پوزىتسىيە غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ.

▲ ھەرقانداق ئىشتا يىراقنى كۆر، بىرىنچى قەدەمنى ئېلىۋاتقىنىڭدا كۆڭلۈڭدە ئىككىنچى قەدەمگە تەييارلىق بولسۇن.

▲ ئىنسان ئۇنچىۋالا قالتىسمۇ ئەمەس، لېكىن ھېچ نەرسە ئىنساندەك قالتىس ئەمەس.

▲ بىز دۇنيانىڭ تۈزى بولۇشىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ ياشاشتىكى ئەڭ مۇھىم ھەم ئەڭ ئاخىرقى ئىجتىمائىي ۋەزىپىمىز.

▲ قەلب ھەممىمىزنىڭ ھەقىقىي ئائىلىسى، ياخشى ياكى يامان بولۇشىمىز ئۇنى پەرۋىش قىلىشىمىزغا باغلىق.

▲ ئادەم ئىقتىدار جەھەتتە ۋېلىسىپىتكە ئوخشايدۇ. نىشانغا قاراپ پېدالنى توختىماي تېپىپ تۇرمىسا ھەرىكەتتىن توختاپ يىقىلىپ چۈشىدۇ.

▲ يىراقنى كۆر، پىلان قىل، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىل.

▲ بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولغاندا «مەغلۇپ بولدۇم» دەپ چۈشكۈنلەشمەستىن، بەلكى شۇ ئىشنى شۇ خىل ئۇسۇلدا قىلغىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت نەتىجىسنى ئىجاد قىلدىم دەپ قاراش كېرەك.

▲ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى بىلگەن مۆمىن ئەر جېنىنى خار قىلسىمۇ ئۆز ئەھلىنى خارلىقتا قويمايدۇ.

پايدىلانما: روكفېللېر (ئامېرىكا) «باي ئاكامنىڭ خورجۇنىدىكى 68 گۆھەر» (ئادىل تونىياز تەرجىمىسى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى.

— ئابدۇقەييۇم ماگسۇر تەييارلىغان

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى ئېلېكتىر - ئۇچۇر قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، 2010 - يىللىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇردىن تامچىلار

1

موماي ئېغىر لاشقان قەدەملىرىنى تەستە سۆرەپ قوتان تەرەپكە ماڭدى، قۇياش ئۇنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى. دەرەخلەر ئۇنىڭغا يەڭگىل سالام قىلدى. قۇشلار ئۇنىڭدىن ناشتىلىق سورىدى. مومىنىڭ قولىدا پەقەت يېرىم سېۋەت سامان بار ئىدى.

ئۇ يىراقتىنلا كالىسىنى كۆردى. كالمۇ ياتقان جايىدىن مىدىرلىغاچ بېشىنى بۇراپ مومايغا قارىدى، موماي پۇتلىرىنى تېزراق يۆتكەشكە تىرىشتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى، كالا ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشەلدى. بۇ يىل ئىككىيلەنگە تەڭلا قېرىلىق يەتكەنىدى.

— مەندىن كېيىن قالساڭ، كىممۇ ساڭا ھەلەپ بېرەر جانىۋار، — موماي ئېغىر خورسىنغان ھالدا شۇنداق دېدى.

كالا تۇمشۇقلىرىنى مومايىنىڭ پاچاقلىرىغا تەگكۈزۈپ بىر ھىدلىۋەتكەندىن كېيىن گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا ئېيتتى:

— مەندىن كېيىن قالساڭ كىممۇ ساڭا ئۈمىد بېرەر موماي.

2

مەن مۇھەببەتنى ئۇچراتقىنىمدا، قەلبىمدىكى بارلىق قايغۇ ۋە تەشۋىش ئۇركۈگەن قۇشتەك پۇرردە ئۇچۇپ كەتتى. مەن تىمتاسلىق ئىچىدە نېمە ئۈچۈن ئازابىنىڭ يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئەركىن پىكىر قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

مەن مۇھەببەتنى ئۇچراتقىنىمدا، قەلبىمدىكى بارلىق شادلىق كۆپچىلىكنىڭ كۆزىچىلا ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغان رەسىدە قىزدەك قىزىرىپ كەتتى.

ئاھ! نېمانچە پىكىر قىلىشنى بىلمەيدىغان تۇترۇقسىز ئادەممەن. شادلىق ۋە ئازابنى ئۆز خاھىشىم بويىچە لايىھەلىۋالىتمەن ئەمەسمۇ؟

3

قار يېغىشتىن ئىلگىرىكى ۋە قار توختىغاندىن كېيىنكى سوغۇق مېنىڭ قارغا بولغان مۇھەببىتىمنى توسۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەر بىر دانىسىدىكى ئۆزگىچە گۈزەللىك ئاسماننىڭ بۈيۈكلۈكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

4

خىيال — بىكارچىلىقتا كۆرۈنۈشكە تەكلىپ قىلىنغان قىز. سىلەرنىڭ سۆھبەتڭلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇمۇ سىزنىڭ سەممىيىتىڭگە ئىشەنمەيدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنى بايقىيالمايسەن.

5

ئەي كۆرەڭلىگۈچى! مەندىكى ھەقىقەتكە بولغان ھۆرمەت — سېنى مەڭگۈ كۆزگە ئىلماي مەغرۇر ياشىشىمغا يېتىپ ئاشىدۇ.

6

ماڭا ئاتا قىلغان شادلىقلىرىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ، سىناق ئۈچۈن بەرگەن ئازابلىرىڭدىن ۋايىسىغان تۇزكورلۇقۇمنى كەچۈرگەيسەن، ئەي مۇھەببەت!

7

ھەممە ئادەم ئەتراپقا ئۆز كۆزى بىلەن قارايدۇ، شۇڭا ناكەسنىڭ كۆزىگە ئاق كۆڭۈل ئادەم دۇرۇس كۆرۈنمەيدۇ.

8

سەن ئۆزۈڭدىكى مۇھەببەت، پەزىلەت، ساقلىق، خاتىرجەملىكنى پەللىلىك تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە قوي، «ئۇ»نىڭدىكى ھوقۇق، پۇل، ئەيش - ئىشرەت، ھاكاۋۇرلۇقنى يەنە بىر تەرىپىگە قوي. ئەمدى قاراپ باق، قايسىسى بېسىپ كېتىدىكەن؟ كۆردۈڭمۇ ئەي كۆڭۈل! سەن يەنىلا بىراۋلارغا ھەۋەس قىلىپ يۈرەمسەن؟

9

ياشاش ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئېغىر كېلىدىغىنى جىسمىمنىڭ پىرىسلىنىپ سۈرەتكە ئايلىنىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئاشۇ سۈرەتكە ئاساسەن ماڭا باھا بېرىشىدۇر.

10

ئادەم — ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ مۇھەببىتىدىن تۆرەلگەن كۆز ياش. كۆز ياش — ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ھىجرانىدىن سىرغىغان ئادەم.

— نۇرمۇھەممەد ئابدۇقادىر

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 — 0991



# سەدىردىننىڭ بوۋىسى ۋە باشقىلار

تۇرسۇن مەھمۇد

سەدىردىننىڭ بوۋىسى — بەلكىم ئۇلۇغ بوۋىسى بولۇشى مۇمكىن، قېتىپ كەتكەن زاغرا ناننى قېتىقتا چىلاپ يەپ ئولتۇرۇپ: «بىر كۈنلەردە مېنىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قالتىس ئوغلاقچى ئېتىم بولىدۇ» دېگەنىكەن. ماڭا بۇ گەپنى بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى سەدىردىننىڭ بوۋىسى بىلەن بىللە تاۋاققا چۈشكىنىدىن، بىللە چىلىم تارتقىنىدىن، بىللە ئىت تالاشتۇرغىنىدىن، بىللە نەشە چەككەنلىكىدىن تولا پەخىرلىنىدىغان بىر بۇرادىرىنىڭ نەۋرىسى سۆزلەپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئىسمى خالمۇرات، خالمۇرات غەمكىنلىكنى ياقتۇرمايدىغان بالا، ئەمما شۇنداق قاردىغان كىشىگە بەكمۇ غەمكىندەك تەسىر بېرىدۇ.

— قاپىقىڭنى ئېچىپ يۈر بۇرادەر، دۇنيانىڭ ھەممە يېرى گۈل.

خالمۇرات چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ دېدى:

— مەن جاھاندا ھەممىدىن ئۆزۈمدىن بىزار.

خالمۇراتنىڭ بۇ گېپى مېنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. دۇنيادىن قاقشايدىغان ئادەملەردىن بىزار ئىدىم، خالمۇراتنىڭ بۇ گېپى خۇددى بۇ دۇنيانىڭ ھەر بىر ئىشىدىن زارلاپ، ۋايساپ ئۆتىدىغان ئادەملەرنىڭ نەق گېپى ئىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ.

— مەن ئۆزۈم ئويلىغاندەك ئادەم بولالمىدىم.

ئەدەبىيات گۈلزارى

— قانداق ئادەم بولغۇڭ بار ئىدى.

خالمۇرات بۇلۇتلارغا، شاماللار ئەسكەن بۇغدايلارغا، دەرەخلەرگە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ شۇ ھالدا دەرەخ ئاچمىقىغا ئۇۋا سالغان تۇمۇچۇقنىڭ بىچارە باللىرى ھەققىدە خىيال قىلدى دەپ ئويلىدىم. بايىقى سوئالىمنى يەنە تەكرارلىدىم:

— قانداق ئادەم بولغۇڭ بار ئىدى.

— بىلمەيمەن.

بىر مۇنچە قۇشقاچلار بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك جان - جەھلى بىلەن چاۋۇلدىشاتتى. قۇشقاچلارنىڭ چاۋۇلداشلىرى ئارىسىدا خالمۇراتنىڭ سەۋەبى يوق ھەسرەتلىرى باردەك قىلاتتى. مەن شۇ چاغدا تا مۇشۇ كەمگىچە خالمۇراتنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قاقاھلاپ كۈلگىنىنى كۆرمىگىنىمنى ئويلاپ قالدىم. جىق ئادەملەر غەمكىنلىك بىلەن غېرىبلىقنى بىر دەپ چۈشىنىۋالىدۇ، مەن خالمۇراتنىڭ غەمكىنلىكىنى ئۇنىڭغا ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغان دېگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن، بۇنداق گەپنى ھېچكىم دەپ باقمىدى، ناۋادا بەرىسى دەپ قالسا بۇ گەپكە خالمۇراتمۇ قوشۇلمىسا كېرەك. ئادەمنىڭ چىرايى، بوي تۇرقى مىراس قېلىشى مۇمكىن، بىراق غەمكىنلىك، غېرىبلىق دېگەن بۇ توپا چىراي نەرسىلەر مىراس قېلىشى ناتايىن.

— مەن بىر كۈنلەردە كۆۋرۈك لايىھەلەيدىغان ئىنژېنېر بولۇپ قالىمەن، — دېدى سەدىردىن كالتە يۆتىلىپ قويۇپ، بايىدىن بېرى پات ئارىدا دەريانىڭ ئۈچ يېرىگە

كۆۋرۈك سېلىنىدىغانلىقى، ئىككىسى ماشىنا قاتنايدىغان، بىرسى پويىز ئۆتىدىغان كۆۋرۈك بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ بولغانىدى. ئەلى نوگايباش بىلەن نازىم توشقاننىڭ مۇشۇنداق خەۋەرلەرنى نەدىن ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بىر كۆۋرۈكنىڭ خەرىتىسىنى نەچچە ئون ئادەم نەچچە يىلدا سىزىپ بولىدىكەن، خەرىتە سىزىش تەس ئىشكەن، خەرىتىلا پۈتسە كۆۋرۈك سېلىش دېگەن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىشكەن.

— سەن قانداق بولۇپ كۆۋرۈك ئىنژېنېرى بولۇپ قالسەن؟ — دېدى نازىم توشقان تاقەتسىزلىك بىلەن.

— دەرياغا كۆۋرۈك سالىدىغانلار مۇشۇ مەھەللىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىپ قالسا، مەن كۆۋرۈكنىڭ خەرىتىسىنى سىزىدىغانلارنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ شۇلارغا ياراپ قالسام ئۇلار ماڭا كۆۋرۈك خەرىتىسى سىزىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ قويسا... مانا مۇشۇنداق...

ئەلى نوگايباشنىڭ سارغايغان چىشلىرى قېلىن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، قۇم مەھەللە تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامال غۇيۇلداپ يىراق بىر يەرلەرگە كېتەتتى.

— مېنىڭچە كۆۋرۈكنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنى قىلمەن دەپلا قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى نازىم توشقان. ئۇنىڭ چىرايى ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئادەمنىڭكىدەك ئۆمسە ئىدى.

— ئەلۋەتتە، خەرىتە سىزىش ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، — دېدى سەدىرىدىن.

تالاشچى ئىت كۆندۈرۈش بىلەن يىراق - يېقىنغا نامى چىققان ئورۇق بىر كىشى بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي توختاپ قالدى، ئۇ گەپنى باشلىۋالسا توختىيالمايدىغاندەك قىلاتتى، سەدىرىدىننىڭ گېپىدىن كېيىن ھەممەيلەن جىم بولۇپ كەتتى، باشقا پاراڭمۇ بولمىدى، ھەممەيلەن ئۆچىنى تىڭشاپ ئۇزاق ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن بىردىن، ئىككىدىن تارقاپ كېتىشتى.

كىشىلەر خېلى كۈنلەرگىچە جىمىپ كېتىشتى، كۆۋرۈك، خەرىتە دېگەندەك نەرسىلەر توغرىسىدا بىر نېمە دەيدىغانلارمۇ بولمىدى، كۆۋرۈك خەرىتىسى سىزىدىغان توغرۇلۇق ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلغانلار ئىچىدە خالمۇرات چوقۇم بار ئىدى، ئەمما ئۇمۇ بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمىدى.

— سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى بىلەن مېنىڭ بوۋام بىللە بولسا ھېچكىم ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىكەنمىش، — دېدى خالمۇرات سەدىرىدىننىڭ خەرىتە سىزىشى ھەققىدىكى پاراڭلار بولۇپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىن، خالمۇرات بىر ئىشلاردىن ھاياجانلانسا بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ قاش چىقىرىپ قوياتتى.

— قايسى ئىشتا تەڭ كېلەلمەيدىكەن.

— بۇنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ئۇلار قالتىس ئادەملەركەنمىش.

خالمۇرات سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى توغرۇلۇق بوۋىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى پات - پات سۆزلەپ بېرەتتى، مەن ئۇنىڭ باش - ئاخىرى يوق گەپلىرىدىن ئۇنىڭمۇ كۆپ بىر نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى پەھىم قىلغانىدىم، بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن خالمۇرات ئانچە - مۇنچە بىلىدۇ، ئەمما مەن سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ - بوۋىسى دەپ تۇرايلى، بوۋىسى ياكى ئۇلۇغ بوۋىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، — قانداق ئادەملىكىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن، ئەمما خالمۇراتنىڭ بوۋىسى سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنى ئاغزىغا چىلىك ئالاركەنتۇق.

— ئۇ زامانلاردا قالتىس ئادەملەر بولغان، ئاقىل ھەم باتۇر...

مەن گېپىمنى توختىتىۋالدىم، بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلىشمۇ ياراشمايتتى.

سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمىمۇ سەدىرىدىن ئىكەنتۇق.

ئىسمىنىڭ ئوخشاشلىقىمۇ ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئىش، سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنى بوۋا سەدىرىدىن دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ كىشى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، مۇنۇ كۆز ئالدىمىزدا يۈرۈۋاتقان سەدىرىدىننى سەدىرىدىن دەپلا قويساق بولىدى، دېمەك بۇ يەردە بوۋا سەدىرىدىن، ھەم سەدىرىدىن دەپ ئىككى سەدىرىدىن بار.

— ئىسىم تېپىلمىغاندەك سەدىرىدىن دېگەن ئىسىمنى قويۇۋەرگەن خەقكەن بۇ.

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، بۇرۇنقىلاردا ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ نامى ئۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ بالىلىرىغا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنى قويىدىغان ئادەت بار، سېنىڭمۇ نەۋرەڭنىڭ ئىسمى خالمۇرات بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

خالمۇرات مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. مەن خالمۇراتنى مۇچ يېمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتە بىر نېمىلەرنى خىللايدىغان قىلىقلىرى بولىدۇ.

سەدىرىدىننىڭ نېمىلەرنى خىيال قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما سەدىرىدىننىڭ ئوي ـ خىياللىرىنىڭ تولىلىقىغا ئىشىنىمەن. سەدىرىدىن بوۋىسىنىڭ كاتتا چېلىشچى بولغانلىقىنى، ئوغلاقچى ئىتىنىڭ پۈتۈن يۇرتتا داڭ چىقارغانلىقىنى سۆزلىگەندە خالمۇراتمۇ، مەنمۇ ئىشەنمىدىم، ئەلى نوگايباشمۇ مەسخىرىلىك تەرزدە بېشىنى چايقاپ قويدى.

— سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى ئۆمرىدە بىرسى بىلەن چېلىشىپ باققان ئەمەس، ئوغلاق تارتىشقا چۈشكەنمۇ ئەمەس، — دېدى خالمۇرات.

— ئۇنى قالتىس ئادەم دېگەنتىڭغۇ.

— ئەمما سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ كاتتا چېلىشچى بولغۇسى، داڭلىق ئوغلاقچى بولغۇسى كەلگىنى راست.

— بۇنى سەن قانداق بىلىسەن.

— ماڭا بوۋام دەپ بەرگەن.

ئۆتمۈشكە تەئەللۇق نۇرغۇن چىگىش ئىشلار بار، سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ چېلىشچى، ئوغلاقچى بولغىنى راستمۇ ياكى چېلىشچى، ئوغلاقچى بولۇشنى خىيال قىلغىنى راستمۇ... بۇنداق ئىشلارنى بىلگىلى بولمايدۇ، يەنە بىر قارىسا بۇلارنى بىلىشنىڭمۇ كۆپ ئەھمىيىتى يوق.

بىز بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى تىكىپ قويغان ئۈجمىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغانىدۇق، ھاجى ئىسىملىك ئادەم بۇ ئۈجمىنى ئون ياش ۋاقتىدا تىككەنىكەن، ھاجى 90 ياشتىن ئاشقاندا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، مەن ئەستايىدىل بارماق پۈكۈپ، بۇ ئۈجمىنىڭ كەم دېگەندىمۇ 120 يىللىق تارىخى بارلىقىنى ھېسابلاپ چىقتىم. ئۈجمىنىڭ بەزى شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن. قۇچاق يەتمەيدىغان غولىنىڭ قوۋزاقلىرى چۈشۈپ ئىچىدىكى تاشتەك قاتتىق غولى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۈستىدىن ساقىپ چۈشكەن ئۈزۈم شىرنىسىدەك قارا يىلىملىرى كۆزگە تاشلىناتتى، كىشىلەر بۇ ئۈجمىنى ھاجىنىڭ ئۈجمىسى دەپ ئاتىشاتتى.

— سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى مۇشۇ ئۈجمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ھامان بىر كۈنى مەن مۇشۇ يۇرتتىكى جىمى چېلىشچىلارنىڭ يېنىنى يەرگە تەگكۈزىمەن دېگەنىكەن.

— ئۇ شۇنداق قىپتىكەنمۇ؟

— مېنىڭچە شۇنداق، بۇرۇنلاردا قالتىس ئادەملەر ئۆتكەن.

ئەلى نوگايباش، نازىم توشقان ئىككىسى بىر نېمە دېمەكچىدەك ئاغزىنى ئۆمەللىشىپ يەنە توختاپ قېلىشتى. نازىم توشقان بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ قالتىس ئىشلارنى قىلغانلىقىغا پەقەت ئىشەنمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن: «بۇرۇنقىلار شۇنداق قالتىس بولىدىغان ئىش بولسا بىز نېمىشقا بۇنداق چۈكۈنەم بوپ قالىمىز» دېگەن مەنىنى بايقىغان چېغىمدا گاڭگىراپ قالدىم. ئەلى نوگايباش دائىم بىز خەقنىڭ ئۇ يېرىمىز ئۇنداق ناچار، بۇ يېرىمىز بۇنداق ئەسكى، دېگەن گەپلەرنى تولا دەپ نازىم توشقاندىن تىل ئىشىتىپ يۈرەتتى، ئەلى نوگايباش ئىچى پۇشقان ھالدا بېشىنى قاشلاپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇمۇ شۇ ھالدا ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى ئويلاپ قالسا كېرەك. ئۇ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ سورىدى، سۆز ئاھاڭىدا مەسخىرە ھەم ئاچچىق بار ئىدى:

— ئۇ چېلىشچىمىكەن؟

— ياق، ئەمما ھامان بىر كۈنى چېلىشچى بوپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

— نېمىشقا؟

— سەۋەبىنى بىلمەيمەن، بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئۇ كىشىنىڭ خىياللىرىنى مەن نېمە بىلىمەن، بىراق ئۇ ھامان بىر كۈنى پالۋان بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

ئەلى نوگايباش بىر نېمە دەپ بولغىچە نازىم توشقان سۆز ئالدى:

— بايا سەن بۇرۇنلاردا قالتىس ئادەملەر ئۆتكەن دەۋاتاتتىڭ، ئەمدى خىيال قىپتىكەن، چۈش كۆرۈپتىكەن دېگەندەك تۈكى يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈرسەن، زادى قايسى گېپىڭ راست؟

خالمۇرات تەڭقىسلىق بىلەن بۇرنىنى تارتىپ قويدى. خالمۇراتنىڭ مۇچ يېمەيدىغانلىقى يادىمغا يەتتى. ھاجىنىڭ ئۈجمىسى بەك قېرىپ كەتكەندەك قىلاتتى، خالمۇراتنىڭ، ئەلى نوگايباشنىڭ، نازىم توشقاننىڭ، يەنە مېنىڭ...بوۋىلىرىمىز مۇشۇ ئۈجمىدىن يېگەن، سايىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ-

لاشقان بوغىيدى.

— دېدىمغۇ، 40 - 50 يىل بۇرۇنقى خەقلەرنىڭ قاندا- داقلىقىنى مەن نېمە بىلىمەن.

— ئەمىسە بۇرۇنقى ئادەملەر قالتىسكەن، دېگەندەك گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟

— مېنىڭچە بۇرۇنقى ئادەملەر قالتىس.

— نېمىشقا مۇشۇنداق دەيسەن؟

— ماڭا شۇنداق تۇيۇلىدۇ.

نازىم توشقان چارىسىز قالغاندەك خالمۇراتقا تىكىلىپ قاراپ قالدى. ئەلى نوگايباش كالللىسىنى تاتىلىغىنىچە بىر خالمۇراتقا، بىر نازىم توشقانغا قاراپ جىمىپ كەتتى.

مەن سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقماقچى بولدۇم، ئۇنى ساقاللىرى قويۇق، كۆزلىرى يوغان، مۇرىسى كەڭ، قوللىرى يوغان، ئاچچىقى يامان بىر كىشى سياقىدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم، ئەمما ھە دېگەندە چىرايى مەھەللىدىكى ئاقساق تۆمۈرچىگە ئوخشاپ قالاتتى، تۆمۈرچى ۋىجىك، مۈكچىيىپ قالغان ئادەم ئىدى.

— مەن ھامان بىر كۈنى قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنى قو- لۇمغا ئالىمەن، — دېدى سەدىرىدىن نازىم توشقان سۇنغان تاماكىنى شوراۋېتىپ.

— نېمە دېدىڭ... قانداق بولۇپ قۇدۇق قېزىش ئەت- رىتى سېنىڭ قولۇڭدا بوپ قالغۇدەك... قۇدۇق قېزىش ئەت- رىتى نەدە؟

نازىم توشقان ھاڭۋاقاندەك ئولتۇرۇپ كەتتى، سەدد- رىدىن تاماكىنى كۆچەپ شورىغاندىن كېيىن قېقىلىپ يۆتەل- دى.

— بىزنىڭ بۇ يەرلەردە سۇ قىس، ھامان بىر كۈنى قۇدۇق قازماي بولمايدۇ، قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن قۇدۇق قېزىش ئەترىتى كېلىدۇ... قالغان ئىشلار شۇ چاغدا ئۆزلۈ- كىدىن ھەل بوپ كېتىدۇ.

ئەلى نوگايباش كەمىرىنى بوشىتىپ يەنە چىڭىتىپ قويدى، ئۆزى چوڭ بولغان مەھەللە نازىم توشقان ئىككى- سىنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈۋاتسا كېرەك.

خالمۇراتنىڭ سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى توغرۇلۇق بىلە- دىغانلىرىنىڭ راستلىقىدىن گۇمان قىلغان چېغىمدا كەچكى گۈگۈم يېيىلغانىدى، بىرسىدىن گۇمانلىنىش ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئىش ئىدى، ئەمما ھە دېگەندە گۇماندىن خالىي بولغىلى بولمايتتى. مەن خالمۇراتنىڭ غەمكىنلىكىگە، ھەس- رەتلىك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ جىق ئىشلارنى توقۇپ چىقارغانلىقىغا گۇمانىم كۈچىيىپ قالدى. بولۇپمۇ ھاجىنىڭ ئۈجمىسىنىڭ نېرىسىدىكى ئېرىق بويىدىن كالا سۈيدۈكىنىڭ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان ھىدى تارقالغان- دا خالمۇراتنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا بولغان گۇمانىم تېخى- مۇ كۈچىيىپ كەتتى.

خالمۇرات مېنىڭ گۇمان قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمىسە كېرەك، ئۇ بىر كۈنى ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا يەنە بىر قېتىم سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى.

— بىز نېمىشقا دائىم سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ گېپىنى قىلىمىز؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— قىلغۇدەك باشقا گەپمۇ يوق.

خالمۇرات پەرۋاسىزلا شۇنداق دېدى. قائىدە بويىچە خالمۇرات سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى بىلەن قىمار ئوينىغىنى- دىن، نەشە چەككىنىدىن، ئىت تالاشتۇرغىنىدىن... يەنە بىر قانداق ئىشلارنى بىللە قىلغىنىدىن پەخىر ھېس قىلىدىغان بو- ۋىسىنىڭ گېپىنى قىلىشى كېرەكتەك ئىدى، ئەمما ئۇ ھە دېسە سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭلا گېپىنى قىلاتتى.

سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى قارا يايلاقتىكى سان ھېسابى يوق قويلارغا قاراپ تۇرۇپ: «ھامان بىر كۈنى مۇشۇ قوي- لارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولىدۇ» دېگەنىكەن. سەۋەبىنى سورىغانلارغا: بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى قىماردا ئامىتىم كېلىدۇ، شۇ چاغدا بۇ قويلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولىدۇ، قويلارنىڭ يېرىمىنى سېتىپ ھەرەمگە بارىمەن، يېرىمىنى سېتىپ ساراي سالدۇرىمەن، دەپ ۋەدە بېرىپتىكەن.

— ئۇ كىمنىڭ قويلىرىكەن؟

— ئەمەلىيەتتە سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىمۇ ئۇ قويلار- نىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. مەن يىراقتىكى تاغ- لارغا قارىدىم، قارا يايلاق دېگىنى ئاشۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدا بولسا كېرەك، ناھايىتى نۇرغۇن قويلار قارا يايلاق دېگەن جايدا بىپەرۋا ئوتلاپ يۈرسە كېرەك، قوي دېگەن جانىۋار ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا ئەتىۋارلاپ باقىدىغانلىقى توغرۇ- لۇق ئويلاپ باقمىسا كېرەك.

خالمۇرات ئۇھ تارتقىنىچە بىردەم جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تىلەم- چىلىك قىلغانلىقىنى، قوشنىسىنىڭ تۇخۇملىرىنى ئوغرىلاپ

يەۋالغانلىقىنمۇ پىچىرلاپ دەپ بەردى. ناھايىتى بەتبۇي
بىر نەرسە كۆڭلۈمگە ئۇرۇلدى. كۆڭلۈمدىكى جىق نەرسە-
لەر توزۇپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. كۆڭلۈلنىڭ خارا-
بىلىككە ئايلىنىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، سەدىرد-
دىنىنىڭ بوۋىسى قارا يايلاقتىكى نەچچە 10 مىڭ قوينىڭ ئې-
گىسى، پۈتۈن يۇرتتا داڭ چىقارغان ئوغلاقچى ئاتنىڭ ئىگە-
سى بولغان بولسا، يەنە پالۋان چېلىشچى بولغان بولسا...
شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا سەدىردىنىنىڭ كۆزلىرىدىكى
غېرىبلىق يوقالغان بولارمىدىكىن دەيمەن. ھازىر سەدىرد-
دىنىنىڭ بوۋىسىنىڭ پۇشتى-پاناھلىرىدىن سەدىردىندىن
باشقا كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. بىر زامانلاردا بوز
يەر ئېچىش رايونىنىڭ باشلىقى بولغان ئەمەت قادىر دېگەننى
سەدىردىنىنىڭ ئانا تەرەپمۇ يا ئاتا تەرەپمۇ ئىشقىلىپ شۇن-
داقراق بىر تۇغىنى بولىدۇ، دېگەن گەپ چىققان. ئەمەت
قادىر ئۆزىنىڭ سەدىردىن ئاتلىق بىر ئابا-ئەجدادى بول-
غانلىقىنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى ئۇنتۇپ كەتمىسىمۇ
ئۇنتۇپ كەتكەن قىياپەتكە كىرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.
تۇخۇم ئوغرىلىغان، تىلەمچىلىك قىلغان تۇغقانلارنى كىمنىڭ
يادىدا تۇتقۇسى كېلىدۇ، خالمۇراتنىڭ ئويىچە ئادەملەرنىڭ
شۇنداق بىر قىلىقى بار: كاتتا ئۆتكەن يىراق تۇغقانلىرىنى
يېقىن قىلالماي ھەسرەت چېكىدىغان، بىچارە ئۆتكەن يېقىن
تۇغقانلىرىنى يىراق قىلالماي جاپادا قالىدىغان، بوۋا سەدد-
رىدىن مەيلى تىلەمچىلىك قىلسۇن يا باي ئادەم بولۇپ
ئۆتسۇن ئۇنىڭ ئەمەت قادىر بىلەن ئاللىقانداق تۇغقاندار-
چىلىقى بولسىلا مۇشۇنىڭ ئۆزى ھېساب، ئەسلى قائىدە مۇ-
شۇنداق ئىدى. بۇ دۇنيادا پەقەت ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان
نەرسىلەر بولىدۇ، قېرى سەدىردىنىنىڭ قىمار ئويىنىغىنى،
نەشە چەككىنى، ئىت تالاشتۇرغىنى باشقا گەپ، ئەمما كېيىن-
كىسى — قوشنىسىنىڭ تۇخۇمنى ئوغرىلاپ يەۋالغىنى كىشى-
نىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ، ئەسلي ئۇ ماڭا ئۇنداق گەپلەر-
نى دەپ بەرمىسە بولاتتى. مەن خالمۇراتنىڭ شۇ گېپىنى ئاڭ-
لىغىنىمدىن بەكلا پۇشايمان قىلدىم، شۇ كۈندىن كېيىن سە-
دىردىن كۆزۈمگە ئەسلىدىكىگە ئوخشىمايدىغانراق بىر
ھالدا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ تىلەمچى سەدىردىن-
نىڭ ئەۋلادى بولغان سەدىردىن، بەلكىم مۇشۇ سەدىردىن-
دىمۇ بىر كۈنلەردە قېرى سەدىردىندەك بىر نېمە بولۇپ
چىقىشى مۇمكىن. مېنىڭ بۇ خىياللىرىم سەدىردىنىنىڭ بۇ مە-
ھەللىدە تۇرۇپ ئۇ مەھەللىدىكى ئايگۈل سەتەڭنى ئىككى
قېشى ئارىسىدىكى مېڭىنى ئەمەس، ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ
قەشقەرنى كۆرگىلى بولىدىغان دۇربۇنغا ئېرىشىش ئارزۇس-
نى دېيىشىدىن بۇرۇنقى خىياللار ئىدى.

مەن تۇرۇپلا سەدىردىنىنىڭ بوۋىسىنىڭ قارا يايلاقتى-
كى نەچچە 10 مىڭ قوينىڭ، داڭلىق ئوغلاقچى ئاتنىڭ ئىگە-
سى بولۇشنى خىيال قىلغىنىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم،
تۇخۇم... ئەرزىمەس نەرسە... تۇخۇم ئوغرىلىغان بىرسىنىڭ
بايىقىدەك ھەيۋەتلىك ئارزۇلاردا بولۇشىغا ئىشەنگىلى
بولماي قالدۇ.

شۇ كۈنى بىر نەچچەيلەن گۇگۇر-مۇڭۇر ئولتۇرۇشقا-
نىدى، ئاردا تاماكا چېكىدىغانلار، ناس سالىدىغانلار،
نەزىر ئېشى ئىچكىلى بارغاندا كالىچىنى ئوغرىغا بېرىپ قوي-
غانلار، ياش ۋاقتىدىكى تايىنسىز ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇپ كەتكەنلەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلى نو-
گايباشنىڭ يېشى ئەڭ كىچىك بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— دۇربۇن بولسا بۇ مەھەللىدە تۇرۇپ يەنە بىر مە-
ھەللىدىكى ئىشلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، — دېدى ئەلى نو-
گايباش كۆزلىرىنى يۇمچۇكلىتىپ.

بۇ مەھەللىدە دۇربۇن ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن ئۇچۇرغا
ئىگە بولغان كىشى مۇشۇ ئەلى نوگايباش ئىدى. ئۇنىڭ بو-
ۋىسى بىر زامانلاردا تاغلارغا قېچىپ كەتكەن باندىتلارنى
قوغلاشقا ماڭغان ئەسكەرلەرگە يولباشچى بولغانىكەنمىش،
(ئۇنىڭ بوۋىسى بەلكىم سەدىردىنىنىڭ بوۋىسى بىلەن
تەڭتۇش ياكى زاماندىش بولۇشى مۇمكىن)، ئۇ قايتىپ
كېلىپ ئەھۋال سوراپ كىرگەن كىشىلەرگە زوق-شوق
بىلەن دۇربۇن توغرۇلۇق سۆزلەپ كېلىپ:

— دۇربۇن دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن، يەرنىڭ
1000 مېتىر تېگىدىكى نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن،
ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ھويلىدىكى ئۆرۈكنىڭ شېخىدىكى
غورىدەكلا ئېنىق كۆرۈنىدىكەن، — دەپ ئۇزاق بىر نېمە-
لەرنى دېگەنىكەن.

ئەلى نوگايباشنىڭ بوۋىسى مۇشۇ گەپلەرنى دەپ
يۈرگەن كۈنلەردە ھاجىنىڭ ئۈجمىسىنىڭ شاخلىرى تېخى
قۇرۇمىغان، قىزىل يېلىممۇ ئاقمىغان چاغلار ئىدى، يوللار
ھازىرقىدەك كەڭ ئەمەستى، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر ھازىر-
قىدەك ئەمەستى.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى دۇربۇن ھەققىدىكى گەپلەر ئەلى نوگايباشنىڭ بوۋىسىدىن ئەلى نوگايباشقا قالدى، ئەلى نوگايباش دۇربۇن ھەققىدە ھېكايە سۆزلەشتە بوۋىسىدىن ئېشىپ چۈشكەندەك ئىدى.

— دۇربۇن دېگەن ئاجايىپ نەرسە، ھەتتا مۇشۇ مەھەللىدە تۇرۇپ قۇم مەھەللىدىكى ئايگۈلنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدىكى قارا مەڭنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەلى نوگايباشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن قۇم مەھەللە تەرەپكە قارىدى، قۇم مەھەللە غەربىي شاماللارنىڭ چاڭلىرى ئارىسىدا يىراق بىر يەردە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، قۇم مەھەللىدىكى ئايگۈل دېگىنى بىر چاغلاردا سەھنەلەردە ناخشا ئېيتىپ يۈرىدىغان چىرايلىق ئايال ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئېرى ئۇنى ئارتىسلىقتىن چىقىرىۋاپتۇ دېگەن گەپلەر تارقالغانىدى. يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئايگۈل ھازىر يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ بۇۋى بولۇپ كەتكەنمىش.

— ئايگۈل سەتەڭ ياش ۋاقتىدا شۇ كەنتتىكى بىر قاساپ بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرۈپتىكەن.

— ئىككى قېشى ئارىسىدىكى مەڭنى يالغان دەيدۇ.

— ئەمدى ئۇ پۈركەنجىگە ئورىنىپ بۇۋى بولۇۋالغان بولسا ھېلىقى تەمسىلدىكىگە ئوخشاش بوپتۇ.

— پۈركەنجىگە ئورىنىۋالدى دېگىنى يالغان، ھازىر بۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ.

ئايگۈل سەتەڭنىڭ بېلى، لېۋى، قېشى، چېچى توغرۇلۇق جىق پاراڭلار بولۇپ گەپ ئاخىرىدا يەنە دۇربۇنغا قايتىپ كەلدى.

— زادى ئايگۈل سەتەڭنىڭ قېشى ئارىسىدىكى مەڭنى دۇربۇن دېگەن نەرسىدە كۆرگىلى بولامدۇ بولمامدۇ؟

— بولىدۇ، مەن ئەتىگەندىن بېرى بولىدۇ دەۋاتىمەنغۇ.

ئەلى نوگايباشنىڭ شۇ ھالدا بوۋىسىنى شىپى كەلتۈرۈپ بىر نېمە دېگۈسى باردەك قىلاتتى، ئەمما يەنە كۆڭلى تارتمىدى.

— دۇربۇن دېگەننىڭ راستىلا شۇنداق كارامىتى بارمۇ، مەن تازا ئىشەنمىدىم.

نازىم توشقان بېشىنى چايقاپ غۇدۇڭشۇپ قويدى، ئۇ ئەلى نوگايباشنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۇنىڭ گېپىگە ئۆكتە قويمىغانىدى، بۈگۈن چىداپ تۇرالمىغاندەك قىلاتتى. مۇنۇ نوگايباش بۇ ئۆمرىدە دۇربۇن دېگەن نەرسىنى تۇتۇپمۇ باقمىغان تۇرۇپ ھە دېسە دۇربۇننىڭ كارامىتىنى سۆزلەپ يۈرسە قانداق بولىدۇ. تېخى قۇم مەھەللىدىكى ئايگۈلنىڭ ئىككى قېشى ئارىسىدىكى مېڭىنى كۆرگىلى بولىدۇ دەيدۇ. ئايگۈل سەتەڭ چىرايلىق نېمە ئىدى، ئەمدى ئۇمۇ يۈزىنى پۈركەپ بۇۋى بولۇۋالغان بولسا... بەزى ئادەملەرنىڭ بەزى ئىشلىرىنى چۈشەنمەك تەس.

— بۇ مەھەللىدە تۇرۇپ يەنە بىر مەھەللىدىكى بىرسىنىڭ ئىككى قېشى ئارىسىدىكى مەڭنى كۆرگىلى بولىدۇ دېسە بۇنىڭغا مەن ئىشەنمىگۈدەكمەن، — دېدى بىرەيلەن.

— ئەينى شۇنداق، — دېدى ئەلى نوگايباش جاھىللىق بىلەن، — ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ئۇ دېگەن دۇربۇن تۇرسا، ھازىر دېگەن يەردە تۇرۇپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرەلەيدىغان دۇربۇنلار بار تۇرسا... بۇ مەھەللىدە تۇرۇپ ئۇ مەھەللىنى كۆرۈش دېگەن قانچىلىك گەپ ئۇ، نازىم توشقان بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدى.

— ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغانلىرىمۇ بار ئۇنىڭ.

ئەلى نوگايباشنىڭ چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن تاقىر بېشى سەدىرىدىننىڭ كۆزىگە سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق كۆرۈندى، ئۇ ناھايىتى بىمەنە چۈشلەرنى كۆرسە كېرەك، بەزى ئادەملەرنىڭ باي بولۇپ كېتىشى يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ نامرات پېتى قېلىشى ئەلى نوگايباشنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغاندەك ئىدى. ئۇ بىر مۇنچە ئالتۇن تېپىۋېلىپ، لىققىدە پۇل قاچىلانغان ھەميان تېپىۋېلىپ چۈش كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەندەكمۇ قىلاتتى.

— سېنىڭ ئۇ دۇربۇن دېگەن نېمەڭ بىلەن يەرنىڭ تېگىدىكى ئالتۇننى كۆرگىلى بولامدۇ - بولمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ھازىر دۇربۇن بىلەن ئالتۇننىڭ بار يېرىنى تېپىپ كولاپ باي بولۇپ كەتكەنلەر سامانەدەك.

— ئەمىسە نېمىشقا شۇ دۇربۇن بىلەن ئالتۇن تاپمايمىز؟

ئەلى نوگايباش بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن غۇدۇڭشىدى:

— ئالتۇن دېگەن تاپىمەن دەپلا تاپقىلى بولىدىغان

نەرسە ئەمەس، ھۆكۈمەت چەكلەيدۇ ئۇنى.

شۇ چاغدا سەدىرىددىن ھېچقانداق گەپكە ئارىلاشمىغانىدى، ئۇنىڭ يەرنىڭ تېگىدىكى ئالتۇننى كۆرىدىغان، يەنە قوۇم مەھەللىدىكى ئايگۈلنىڭ ئىككى قېشى ئارىسىدىكى مەڭنى كۆرگىلى بولىدىغان دۇربۇن توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. سەدىرىددىن خالمۇراتنىڭ بوۋىسى بىلەن قىمار ئوينايدىغان، نەشە چېكىدىغان بوۋىسىغا ئوخشىشى مۇمكىن ئىدى. سەدىرىددىننىڭ بوۋىسى، خالمۇراتنىڭ بوۋىسى يەنە ئەلى نوگايباشنىڭ ئەسكەرلەرگە يول باشلىغان بوۋىسى... بۇرۇن شۇنداق بىر ئىشلارنى قىلغان بوۋايلار ئۆتكەن، بۇگۈنكى مەن، خالمۇرات، سەدىرىددىنلەر شۇ بوۋايلارنىڭ خىياللىرىنى بىلەلمەي جاھاندىن كېتىمىز.

— مېنىڭ ھامان بىر كۈنى بۇ مەھەللىدە تۇرۇپ ئۇ مەھەللىنى ئەمەس، بۇ يەردە تۇرۇپ ئۈرۈمچى ياكى قەشقەرنى كۆرگىلى بولىدىغان دۇربۇنۇم بولىدۇ.

سەدىرىددىن شۇنداق دەپ بولۇپ يۆتىلىپ كەتتى. گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويىدى. كالپۇكى مۇشۇنداق بولۇپ كەتكەنلەرنى مومايلار قۇرۇق ئىسسىقى ئېشىپ كېتىپتۇ دەپ قويۇشاتتى، شاپتۇل قېقىنى چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن چىلاپ ئىچىشكە بۇيرۇشاتتى. سەدىرىددىن 40تىن ئېشىپ قالدى دەپ ئويلىدى بىرەيلەن، ئاندىن يەنە 40قا بارمىغان بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيال قىلدى. سەدىرىددىننىڭ گېپى بىر سىنىڭ سەل ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويىدى، بۇ يەردە تۇرۇپ ئۈرۈمچى ياكى قەشقەرنى كۆرگىلى بولىدىغان دۇربۇن دەپ كەتكىنىنى، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئايگۈل سەتەڭنىڭ مېڭىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىرى ئۇچراپ قالسىمۇ چوڭ ئىش.

بىردەملىك جىملىقتىن كېيىن نازىم توشقان كالپۇكلىرىنى يالاپ قويىدى، سەدىرىددىننىڭ كالپۇكلىرىدىكى گەز ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويغانىدى.

— قانداق قىلىپ سېنىڭ ئۇنداق دۇربۇنۇڭ بولۇپ قالغۇدەك.

سەدىرىددىن يۆتىلىپ كەتتى، ئاۋازىمۇ غاراڭ-غۇرۇڭ ئىدى. ئۇنىڭغا زۇكام ياماشقاندەك ئىدى. بەزى ئادەملەر سەدىرىددىننىڭ بوۋىسىنى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن دەپ يۈرۈشەتتى، سەدىرىددىننىڭ بوۋىسى قوغۇن ئوغرىلاپ، توخۇم ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ھېچكىم ئارىغا ئالمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىكەن. كىم بىرلىرى پۇتۇن يۇرتتا چېلىشچىلارنىڭ ئالدى بولۇپ داڭ قازانغاقچى بولغان ئادەمنى توخۇم ياكى قوغۇن دېگەندەك بىر نەرسىلەرنى ئوغرىلاشقا مەجبۇر قىلغان تەقدىرگە مىڭلاپ لەنەت ئوقۇغان بولۇشلىرى مۇمكىن.

سەدىرىددىن يۆتەلدىن توختاپ نازىم توشقانغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ دېدى:

— شۇنداق قالتىس دۇربۇنى بار ئادەمدىن نەچچىسى بىزنىڭ مەھەللىگە كېلىپ قالسا، مەن ئۇلار بىلەن تاسادىپ چىقىشىپ قالسام ئۇلار قايتاشىدا ئاشۇ دۇربۇننى ماڭا خاتىرە ئۈچۈن بېرىدۇ.

ھاجىنىڭ ئۈجمىسىگە قونۇپ ئولتۇرغان قۇشقاچلارنىڭ بىرىمۇ يوقتەك قىلاتتى. ئۈجمىنىڭ قېلىن قوۋزاقلىرى ئارىسىدىن ئاققان ئۈزۈم شىرنىسىدەك يېلىملىرى پەس تەرەپتىكى قوۋزاقسىز غولنى بويلاپ ئاققانىدى، ئەلى نوگايباش بېشىنى قاشلاپ قويۇپ تەئەددى بىلەن خىرىلدىدى:

— بۇنداق بولۇشى ناتايىن.

— ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ئاشۇنداق دۇربۇنى بار ئادەملەرگە يولباشلىغۇچى بولۇپ قالسام شۇلار ماڭا بېرىشىم مۇمكىن.

ھەممەيلەن شۈكمۇشۈك ئولتۇرۇپ كېتىشتى، جىملىق ئېغىر ئىدى، بۇنداق جىملىقتا نازىم توشقانمۇ، ئەلى نوگايباشمۇ ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

— بىكار گەپنى قوي سەدىرىددىن، ھازىر بىر كىملەرگە يول باشلايدىغان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ، جاھاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى ئەينەكتەك روشەن بولۇپ كەتكەن جاھاندا ياشاۋاتىمىز.

سەدىرىددىن قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىن چاتاق چىققاندەك قىلاتتى.

— سېنىڭ بوۋاڭمۇ يول باشلاپتىكەنغۇ، شۇنداق پۇرسەتلەر كېلىپ قالدۇ.

نازىم توشقان بىر نېمىدىن قورققاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتكەنىدى، ئۇ بۇ گەپ ئۈچۈن ئەلى نوگايباش بەك ئاچچىقلاپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئەلى نوگايباش ھە دېگەندە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاندىن بېشىنى قاشلاپ قويۇپ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى:

— بوۋام باندىتلارنى تۇتۇشقا كەلگەنلەرگە يول باشـ-
لىغان، كالالىق ئىشلىسە ئويلاپ باق، هازىر تۇتىدىغان
باندىت يوق، شۇڭا ئۇنداق ئەسكەرلەرمۇ كەلمەيدۇ.

سەدىردىن هاڭۋاقاندەك تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن
پىچىرلىدى.

— بايلىق ئىزدەيدىغانلار ئۇچراپ قالسا، شۇلارغا يول
باشلىسام... نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قادىر توخو كانچىلارغا
يول باشلاپ بىر پايدا ئالدى ئەمەسمۇ...

— هازىر بايلىق دېگەننى تىك ئۇچار ئايروپىلان
بىلەن ئىزدەيدۇ، — دېدى نازىم توشقان ئالدىراپ، — بۇ-
رۇنقى جاھاندىكىدەك ئېشەك مىنىپ چىغىر يوللاردا مېڭىپ
يۈرىدىغانغا كىمنىڭ چولىسى.

ئەلى نوگايباش ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن ھومىيىپ
قويۇپ:

— تىك ئۇچار بولمىغاندىمۇ يەرنىڭ تېگىدىكى ئالتۇن-
نى كۆرەلەيدىغان ئەسۋاب تۇرسا سەندەكلەرنىڭ يول باشلى-
شىنىڭ نېمىگە لازىمى بار، شۇنداق بولدى دېگەندىمۇ
سەنلەر يول بىلىشمەيسەن، دېمەك يول باشلاشقا يارىماي-
سەن، — دېدى.

— ئەمىسە كىم يول باشلايدۇ؟

— يول باشلاشقا توغرا كەلسە مەن باشلايمەن... بو-
ۋامنىڭ ئەسكەرلەرگە يول باشلىغىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

ھاجىنىڭ ئۈجمىسىنىڭ قۇرۇق شېخىغا قونۇپ ئولتۇر-
غان پاختەك ئۇچايمۇ، ئۇچمايمۇ دېگەندەك بىر ھالدا بويىنى-
نى سوزۇپ ئەتراپقا قارايتتى، پاختەك ياكى پاختەككە ئوخ-
شايدىغان قۇشلار ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدىكى ھەسرەت توغ-
رۇلۇق ھېچنېمە بىلمىسە كېرەك.

سەدىردىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن يۆتىلىپ قويدى. پې-
شانىسىدە ئۇششاق تەرلەر پارقىرايتتى، شۇنىڭ بىلەن
دۈربۈن ھەققىدە جىق گەپ بولمىدى، بەلكىم سەدىردىن-
مۇ، ئەلى نوگايباشمۇ، نازىم توشقانمۇ نېمە دېيىشنى بىلەل-
مىسە كېرەك. بۇ يەردىكىلەر دۈربۈن ئىشلىتىپ باقمىغان بو-
لۇشلىرى مۇمكىن، شۇ چاغدا كونا تۈگمەن تەرەپتىن ئېشەك-
نىڭ ھاڭرىغىنى ئاڭلاندى، بىر دەملىك سۈكۈناتتىن كېيىن
كىمدۇ بىرسىنىڭ ھويلىسىدىن كالىنىڭ مۆرىگىنى ئاڭلاندى،
بۇ ئاۋازلار مەھەللىنى تېخىمۇ جىمجىت قىلىۋېتىپ باراتتى.

خالمۇرات ماڭا قېرى سەدىردىننىڭ تىلەمچىلىك
قىلغان ئىشلىرىنى دەپ بەرمىسە بوپتىكەن، قېرى سەدىر-
دىن بۇ مەھەللىدە ئەمەس، باشقا يەرلەردە تىلەمچىلىك قى-
لاتتىكەن. نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ، بۇ يەردە خەقتىن بىر
نېمە تىلەشتىن نومۇس قىلغان گەپ. ئادەمدىكى نومۇس
تۇيغۇسى ئۆز جېمى ياخشىلىق ھەم ئازاب- ئوقۇبەتنىڭ مەن-
بەسى، مېنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرۇمدا، ئۆز زامانىسىدا
گۈركىرەپ جاھاننى بېشىغا كىيگەن نوچىنىڭ بىر كۈنلەردە
خەقلەرگە يۇچۇق نان ئۈچۈن بويۇن قىسىپ تۇرغان ھالىنى
تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قورقىمەن.

خالمۇراتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەدىر-
دىن كۆزۈمگە بىر قىسما كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ بۇرۇنقىدىن
كىچىكلەپ، ئاۋاقلىشىپ كەتكەندەك، كۆزلىرى ئوغرى مۇ-
شۈكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ قالدى. خالمۇ-
راتنىڭ بۇ گەپلەرنى يەنە كىملەرگە سۆزلەپ بەرگىنىنى بىل-
مەيمەن. قىلاي دېسە گەپ تولا. ئاڭلاي دېسە گەپ تولا،
نېمە تولا گەپ تولا، ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى كىملەرگە دەپ
بەرگەنلىكىنى، يەنە كىملەرنىڭ كىملەرگە دەپ بەرگەنلىكىنى
بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. بىر مەزگىل ئۆتۈپ شۇنى بايقى-
دىمكى، سەدىردىننىڭ بوۋىسى ھەققىدىكى گەپلەرنىڭ ئە-
چىدە يادىمدا قالغانلىرى ناھايىتى ئاز بوپتۇ. «كۈنلەرنىڭ
بىرىدە مەن مۇشۇ يۇرتتىكى ئەڭ داڭلىق ئوغلاقچى ئاتىنىڭ
ئىگىسى بوپ قالىمەن» دېگەن گېپى يادىمدا قاپتۇ. بۇ ئەس-
لىدە مەن ئۇنتۇپ كەتكەن گەپلەر ئىدى، خالمۇراتنىڭ سۆز-
لىرىنى ئويلاۋېتىپ، سەدىردىننىڭ بوۋىسىنىڭ تىلەمچىلىك
قىلغانلىقى ھەققىدىكى غەشلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغىنىم-
دىن ئۆكۈنۈۋېتىپ، ئۇنىڭ داڭلىق چېلىشچى، ئوغلاقچى
بولغۇسى كەلگەنلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. ئادەم دېگەن جاننى
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمايدۇ. سەدىردىننىڭ
بوۋىسىمۇ خۇددا ئۆزى ئالمىسا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان جېنى
ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولغىيتتى. بەلكىم ئۇ غېنى باتۇر-
دەك بايلىقىدىن كۆرەلەيدىغان بايلارنىڭكىنى، ھارامدىن
بېيىغانلارنىڭكىنى، خەقلەرنى قاقشىتىپ بايلىق توپلىغانلار-
نىڭكىنى ئالغان بولار ئىدى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم، شۇنداق-
تىمۇ كۆڭلۈمدىكى يامان سايە يوقالغىلى ئۇنىمىدى.

ھاجىنىڭ ئۈجمىسىنىڭ ئەتراپىدا، كونا تۈگمەننىڭ ئەت-
راپىدا، بىكارچىلار پاراڭ قىلىشىدىغان كۆۋرۈك ئەتراپىدا
شۇنداق بىر گەپلەر قارا سايە بولۇپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى قوغۇن ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغان ئادەم.

سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى تۇخۇم ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغان ئادەم.

قىلغىلى ئىشى يوق ئادەملەر، بىلىدىغان گەپلىرىنى يىللاردىن بېرى تەكرار - تەكرار دەۋېرىپ زېرىككەن ئادەملەر سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى، قولۇم - قوشنىلارنىڭ بىر نېمىلىرىنى ئوغرىلىغانلىقىنى كەچۈرگىلى بولمايدىغانلىقى، بۇرۇنقى زامانلاردا ئوغرىلارنىڭ قوللىرى كېسىلىپ قىزىتىلغان ياغدا داغلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىشىدى، سۆز ئاھاڭىدىن ئۇرغۇغان ھاياجاندىن بەزى ئادەملەرنىڭ ئوغرىلارنىڭ قولىنى كېسىپ داغلايدىغان شۇ خىل ئۇسۇلنى ھازىرمۇ قوللانغۇسى باردەك قىلاتتى.

— بىر كىم سېنىڭ بىر نېمەڭنى ئوغرىلىۋالدىمۇ، — دېدى ئەلى نوگايباش ئوغرىنىڭ قولىنى قايناۋاتقان ياغقا تىقىش كېرەكلىكىنى كۆچەپ سۆزلەۋاتقان ئادەمگە قاراپ.

— ياق، مېنىڭ بىر نېمەمنى نېمىشقا ئوغرىلىغۇدەك.

— ئەمىسە نېمىگە كۆچەيسەن.

— ئوغرىلارنى شۇنداق قىلىش كېرەكقۇ.

— بىركىم سېنىڭ بىر نېمەڭنى ئوغرىلىمىغانىكەن، دېمەك بايىقىدەك شۇم گەپلەرنى قىلما.

شۇ چاغدا مېنىڭ بەدىنىم، مەن تۇرغان يەرنىڭ تېگى زىر كىرەپ كەتتى، ئادەملەر نېمىشقا ئوغرىلىق قىلىدۇ، مۇشۇنى ئويلاپ باققان ئادەم يوقمىدۇ.

توساتتىن ئەقلى ئىشلەپ قالىدىغان بىر كىشى:

— مۇشۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ ئوغرى - قاراقچى، لەنەتگەردى يالغانچى، مۇتتەھەم قويمىچى بولغۇسى يوق، جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق قىلىشقا قىستاپ ئاپىرىدۇ، — دېگەندى. مەن يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭ گېپىنى توغرا تاپمىدۇق، نازىم توشقان، ئەلى نوگايباش ، سەدىرىدىنلەر قانداق ئويلىدىكىن.

سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى ھەققىدىكى گەپلەرنى سەدىرىدىن بىلمەيتتى.

ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن ئادەملەر ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭلاردا تىنىق ئالالماي ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھانلار بولغان. چارتاشلار گۆھەر سانىلىپ ئالتۇن تەخسىلەردە ئەتىۋارلىنىدىغان ئىشلار بولىدۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ھېچكىم نەزەرىنى سالمىغان غاچچا ئوتلارنىڭ، شور يەرلەردە ئۆسىدىغان قارا قومۇشلارنىڭ، سازلىقتىكى مىسىلىيكەنلەر بىر كۈنلەردە ئېتىبارى ئۆسۈپ سەدەپ تەشتەكلەردىن ئورۇن ئالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇ گەپلەرنىڭ سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى ھەم سەدىرىدىن بىلەن ئالاقىسى بارمۇ؟ بار دېسىمۇ، يوق دېسىمۇ بولىدۇ.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇستا سازەندە بوپ قالىمەن.

سەدىرىدىن ھاجىنىڭ ئۈجمىسىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ مۇشۇ گەپنى دەپتۇ، زۇكام ئۇنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، بۇرۇنلىرى قىزىرىپ، ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كېتىپتىكەن دېيىشىدۇ. ھاجىنىڭ ئۈجمىسىنىڭ شاخلىرىدا ئۇۋا سالغان قۇشلار نە - نەلەرگە ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. شەربەتلىرى ئېقىپ تۇرغان ئاق ئۈجمىلەر نۇرغۇن قۇشلارنى، نۇرغۇن باللارنى، ئايالارنى، چوڭلارنى خۇش قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ بولغىلى بولمايدۇ، 120 يىللىق تارىخى بار ئۈجمە ھەققىدە بىز جىق نەرسە بىلمەيمىز، جەننەت مېۋىلىرى ئىچىدە ھەر يىل يېڭىلانغاندا ئىنسانغا تۇنجى نېمەت بېرىدىغىنى مۇشۇ ئۈجمىغۇ. سەدىرىدىن ئۆزىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەشھۇر سازەندە بوپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپنى دېگەندە مەن يوق ئىدىم، ئۇنىڭ بۇ گېپىنى كېيىن خەقلەردىن ئاڭلىدىم، شۇ چاغدا نازىم توشقان بىلەن خالمۇرات سەدىرىدىن بىلەن خېلى ئۇزاققىچە تىرتەكلىشىپتۇ.

— ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستىمىغىنا سەدىرىدىن، — دەپتۇ نازىم توشقان ئىجىلى قۇلۇشۇپ، — سەن قانداقسىگە سازەندە بوپ قالغۇدەكسەن.

— بىر نېمە دەپ بولمايدۇ، ياسىن تولغاش جېنىدا ئىسكىرىپكا چېلىپ، سازەندە بولۇپ كەتتى، توي - تۆكۈنلەردە بىر بولۇپ يۈرىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا مېنىمۇ تاسادىپ پۇرسەتتە شۇنداق سازەندە بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

— ياسىن تولغاش دېگەن داڭلىق سازەندە، ئون يېشىدىن باشلاپ غىجەك تارتىشنى ئۆگەنگەن، سەن 40تىن ئاشتىڭ، ئوڭشاپ سازنىڭ ئوڭ تەتۈرىنى بىلمەيدىغان تۇرۇپ قانداقسىگە سازەندە بولۇپ قالىسەن.

— بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇستا سازەندە ياكى داڭلىق ناخشىچى بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن، بۇ دېگەن ئاجايىپ سىرلار بىلەن تولغان جاھان...

— ئەمدى ناخشىچىنىڭ گېپى نەدىن پەيدا بولدى.

نازىم توشقان ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كېتىپتۇ، ئەلى نوگاياش سەدىرىدىننىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قاپتۇ. نازىم توشقاننىڭ دادىسى ھەممە ئادەم كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىپ داشقازاننىڭ ئېشىنى يەيدىغان يىللاردىكى داڭلىق ناخشىچى ئىكەنتۇق، بوۋايلار مۇشۇ كۈنلەردىمۇ نازىمنى كۆرسە داداڭنى دوراپ ئادەم بولمىدىڭ، داداڭ ناخشا ئېيتسا كىشىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاردۇقى چىقاتتى، دەپ يۇرۇشەتتىكەن، بىر كىمگە دېمىگىنى بىلەن نازىم توشقاننىڭ دادىسىنىڭ ئۇدۇمى تۇتۇپ ناخشىچى بولۇش تامايىنمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى، مۇنۇ سەدىرىدىننىڭ ئۇشتۇمتۇت سازەندە بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن دېگىنى بىر گەپ، ناخشىچى بولۇپ قالەن، دېگىنى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، ناۋادا شۇنداق ولۇپ قالسا ناخشىچى سەدىرىدىن ئەمەس، ئۆزى بولىدۇ.

7 - ئاينىڭ تازا ئاپتاپلىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئوبدان پىشقان چىلگە قوغۇندىن بىرنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بوۋاينى كۆرۈپ سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى يادىغا يەتكەندى، ئادەم دېگەننىڭ بۇ جاھاندا كۆرمەيدىغان كۈنى، ئاڭلىمايدىغان گېپى يوقكەن. قېرى سەدىرىدىنگە ئىچىم ئاغرىدى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكىلى ناھايىتى ئۇزاق بولغان، مەن ئۇنى كۆرمىگەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى.

— قېرى ئوغرى، يۈزى قېلىن دىۋانە.

— قاراڭلار، ئىزا تارتماي قوغۇن ئوغرىلىغىنىنى.

— تۇخۇم ئوغرىلىغىنىچۇ تېخى...

— قولىنى كېسىۋېتىش كېرەك.

— قايىنغان ياغقا تىقىپ داغلاش كېرەك.

ئادەمنىڭ بەزىدە بىر تال پاشىغا، چۈنىغا، بىر ئوچۇم توپىغا، بىر تال قوڭغۇزغا ئايلىنىپ كەتكۈسى كېلىدۇ.

ئادەم بەزىدە ئادەم بولۇپ يارالغىنىغا تويۇپ كېتىدۇ.

مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ يۈرىكى ئوتتا كۆيگەن، پىچاقتا تىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، جاندىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان چاغلار بولىدۇ.

گەپنىڭ سۆڭىكى يوق دېيىشىدۇ، گەپ دېگەن يەل، ئۇچۇپ تۈگەيدۇ دېيىشىدۇ. بۇ شۇنداق ئويلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە توغرا، گەپنىڭ سۆڭىكى بولمىغىنى بىلەن بەزى گەپلەرنىڭ ئىچىدە پىچاق بار، خەنجەر بار، بەزى گەپلەرنىڭ ئىچىدە زەھەر بار، بەزى گەپلەرنىڭ ئىچىدە يىڭنە بار، نەشتەر بار، ھەممىسى يۈرەككە زەرەر قىلىدۇ، يۈرەككە سانجىلىدۇ، يۈرەككە پاتىدۇ. گەپ مۇشۇنداق، گەپنى مۇشۇنداق دەيمىز. بىر زامانلاردا قېرى سەدىرىدىنگە جاھان گۆردەك تۇيۇلغان بولۇشى، ئۆلۈمنى خىيال قىلغان، ئۆلۈمنى سېغىنغان، ئۆلۈمگە تەشنا بولغان بولۇشى مۇمكىن. جاھاننى ئۇنتۇپ شىددەتلىك چېپىشلار ئارىسىدا جاننى ئالقانغا ئېلىپ ئوغلاق تارتقان، ئۆزى بىلىدىغان ئىشق پىراق ئىچىدە نەشە چەككەن، قۇۋۋەت - شىجائىتىگە ئىشىنىپ چېلىشقا چۈشۈپ ھەممىنى يەرگە ئېتىشنىڭ ئارمىنىنى يېگەن (بەلكىم سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ ئوغلاقچى ئېتى بولغان بولۇشى، چېلىشلاردا ھەممىنىڭ يېنىنى يەر قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن) بىر ئادەم قوغۇن ئوغرىلىسا، يىرىم نان ئۈچۈن خەققە قول سۇنسا بۇنداق ھاياتنىڭ ئۆزى زۇلمەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۆلۈم گۈل بولۇپ كۆرۈنىدۇ، گۈل بولۇپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

خالمۇراتنىڭ سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى ھەققىدە ئېيتقان ھېكايىلىرىنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزاق بولدى، خالمۇرات نېمىشقىدۇر سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى توغرۇلۇق جىق گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. مەن قارىسام خالمۇرات سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ بوۋىسىنىڭ گېپىنى قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىدا:

— ئۇ زاماندىكى ئادەملەر قالتىس ئىكەنتۇق، — دېگەنلىرىنى ئەسلەپ قالدىم.

يازنىڭ ئىسسىقى جاننى قىينايدىغان بىر كۈنى، كېسمىچە تېرەكنىڭ پورلاشقان چاغىسىدا قاغا، پاختەكلەرنىڭ ئۇۋىسى بارمىكىنا دەپ ئويلايدىغان بىر كىچىك بالا سەدىرىدىننىڭ يېنىدا لاي ئويناپ يۈرەتتى. بالىنىڭ يالىڭاچ قورساقلىرىغا قوغۇن شىرنىسىدەك بىر نەرسە يۇقۇشۇپ قارا ئىزلارنى قالدۇرغانىدى، ئۇ لاي قوللىرى بىلەن بىر تال تولۇك ئالمىغا سەرەڭگە تېلى چوڭلۇقىدىكى چىۋىق سۇنۇقلىرىنى سانجىپ چاقپەلەك ياساۋاتاتتى، سەدىرىدىن ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىپ قالدى، بالا كىچىك ئېرىق ياساپ چاقپەلەكنى سۇدا ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. سەدىرىدىن بالىنى

«سارالڭ ماڭقا» دەپ تىللاپ قويىدى، ئۇنىڭغا بالىنىڭ بۇ
ئويۇنلىرى تايىنسىز ئىش بولۇپ كۆرۈنگەن بولسا كېرەك.

سەدىرىدىن شۇ ھالدا كىچىك ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئو-
يۇنلارنى ئوينىغانلىقىنى يادىغا ئالغان بولسا كېرەك، دادىسى
ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئويۇنچۇقلارنى ياساپ بەرگەن، بەزىلىرد-
ىى ئۆزى ياسىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بوۋىسى — قېرى سە-
دىرىدىن ياساپ بەرگەن، بازاردىن ئېلىپ بەرگەن بولۇشىمۇ
مۇمكىن. سەدىرىدىن پات - پات ئۆزىگە ئويۇنچۇق ئېلىپ
بەرگەن، ئۆزىگە سەدىرىدىن دەپ ئات قويغان دادىسىنى
ئەسلەپ قالىدۇ. سەدىرىدىننىڭ دادىسى دادىسىنى ياد ئېتىش
ئۈچۈن ئوغلىغا سەدىرىدىن دەپ ئات قويغان دېگەن گەپكە
ئىشەنگىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى جامائەت نە-
زىرىدىن يانغاندا ئوغلىنىڭ ئىسىم قويۇش مەرىكىسىنى ئۆت-
كۈزمەكچى بولغان بىر كىشى جامائەتنى مەرىكىگە چىللاۋې-
تىپ:

— دادامنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوغ-
لۇمغا دادامنىڭ ئىسمىنى قويىمەن، — دېگەنىدى. شۇ چاغدا
بىر زامانلاردا مۇئەللىم بولغان ساۋۇت نۇرى ھېلىقى كىشى-
نىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ:

— ئىسىم ئوخشاش بولۇپ قالسا بولمايتتى، —
دېدى.

— نېمىشقا؟

— ھەممە ئادەمنىڭ ئىسمى مەتتوختى بوپ كەتسە بول-
مايدۇ.

— مەتتوختى بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئادەملەرنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

— ئادەملەرنى پەرقلەندۈرگىلى بولمىسا نېمە بوپتۇ؟

— ئادەملەرنى ئايرىغىلى بولمايدۇ.

— ئادەملەرنى ئايرىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟

— ھېچنېمە قىلمايمەن، ئەمما قاملاشمايدۇ - دە.

— قاملىشىدۇ، ياراتقان ئىگىسى ئادەملەرنى پەرقلەن-
دۈرسۇن دەپ ھەر جانغا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان
چىراي - تۇرق، خۇي - مىجەز بەرگەن.

ئىسىمنىڭ ئوخشاش بولۇپ قېلىشىغا قارشى تۇرغۇچى
ساۋۇت نۇرى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، داد-
سىنىڭ ئىسمىمۇ مەتتوختى، ئوغلىنىڭ ئىسمىمۇ مەتتوختى
بولغان ھېلىقى ئادەم ناھايىتى كاتتا بىر ئىشنى جاھانغا يايغاند-
ىەك مەغرۇر غادىيىپ تۇراتتى.

بۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. سەدىرىدىن بىر
كۈنى تېرەكنىڭ سايىسى ئاستىدا ئولتۇرۇپ مەيۈس ھالدا:

— مېنىڭ ئىسمىم سەدىرىدىن بولمىسا بوپتىكەن، —
دېگەندە بالىسىنىڭ ئىسمىمۇ، دادىسىنىڭ ئىسمىمۇ مەتتوختى
بولغان ئادەم بىلەن ساۋۇت نۇرىنىڭ تالاش - تارتىشىنى
ئەسلەپ قالدىم ھەم سەدىرىدىننىڭ سۆزىگە ھەيران قالدىم.
سەدىرىدىننىڭ ئىسمى سەدىرىدىن بولمىغان بولسا بەلكىم
ئۇنىڭ تەقدىر - قىسمىتى، ئارزۇ - ئارە[illegible]، چىراي - تۇرقى
باشقىچىرەك بولغان بولاتتى، سەدىرىد[illegible] مۇشۇنداق ئويلى-
سا كېرەك.

— بىر كۈنلەردە مېنىڭ ئىسمىم چوقۇم باشقىچە بول-
ىدۇ، — دېدى سەدىرىدىن ئويچانلىق بىلەن، — ناھايىتى
قالتىس بىر ئىسىم بولۇپ قالىدۇ.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟

— سەن بىلمەيسەن، بىرەر تەسادىپ پۇرسەتتە
شۇنداق بولىدۇ.

— مەسىلەن قانداق تەسادىپ پۇرسەت؟

— ئۇنىڭ قانداق پۇرسەتلىكىنى بىلگىلى بولسا تەسا-
دىپ بولماي قالىدۇ.

سەدىرىدىننىڭ ئويلايدىغانلىرى بىر - بىرىدىن غەلىتە
بولسا كېرەك، ئەلى نوگايباشنى تولا خىيال قىلىدۇ ھەم خە-
ياللىرى بەكلا غەلىتە، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتىم. ھاجىنىڭ
ئۆجمىسىگە ئۇۋا سالغان قۇشلارنىڭ ئۈچۈشلىرى، شۇ قۇش-
لارنىڭ چۈشلىرى، چۆچۈشلىرى، قورقۇش - ۋەھىمىلىرى
بىلەن ئەلى نوگايباشنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ ئوخشاش
يەرلىرى جىقتەك ئويلايتتىم، سەدىرىدىننىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ
ئۆزگىرىشىنى ئارزۇلىشىدىن ھەيران قالدىم.

— ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىچۇ.

— بۇ ئىسمىمۇ بوپ قالىدۇ، بىراق تېخىمۇ ياخشىسى
چىقىپ قالىدۇ.

سەدىرىدىننىڭ ئىسمى، بەزى ئادەملەرنىڭ بوۋىسى-
نىڭ، دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئوغلىغا قويىدىغان ئىشلىرى توغ-
رۇلۇق خالمۇراتقا بەزى گەپلەرنى دېدىم، خالمۇرات بېشىنى
چاڭگاللاپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— سەدىرىدىنگە بوۋىسىنىڭ ئىسمى قويۇلغان، مېنىڭ-

چە ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن تەقدىر - قىسمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى بار، مەلۇم جەھەتتىن ئىسمىمۇ تەقدىر - قىسمەتنىڭ بىر بۆلەكى، — دېدى. ئۇنىڭ سەل بوغۇقراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر زامانلاردا ھاجىنىڭ ئۇجمىسىنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنى، ئۆستەڭدىكى لاي سۇلارنى، ئاشۇ سۇلارنىڭ ئىچىدە بېلىق بار دەپ ئويلىغانلىرىمنى ئەسكە ئالدىم.

— سەنمۇ سەدىرىدىندەك ئويلامسەن نېمە؟

— مەن سەدىرىدىندەك ئەمەس، سەدىرىدىن مەندەك ئويلايدۇ.

خالمۇرات بېشى قايىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم، ئۇنىڭ بېشى قايىدىغان كېسىلگە گىرىپتار بولغىنىغا بەك ئۇزاق بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ قالدى، بەلكىم ئۇ ئۇزاقتىن بېرى شۇ كېسەلنىڭ ئازابىنى تارتىپ كېلىۋاتقاندۇ. ناۋادا خالمۇراتنىڭ بېشى قايىدىغان، بىر ئىشلارنى ئەستە تۇتالمايدىغان دېگەن گەپلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى پەرق قىلالمايدىغان بولۇپ قالسا... شۇنداق بولۇپ قالسا گەپ خالمۇراتنىڭ كېسەللىكىنى بىلىش بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. يەنە گەپ بار، نېمە گەپ. خالمۇراتنىڭ سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى ھەققىدە ھەم باشقا ئىشلار ھەققىدە دېگەنلىرىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

— ھېلىقى قانداقراق ئادەم ئىدى؟

— قايسى ئادەم؟ — دېدى خالمۇرات ئەجەبلىنىپ.

— ساڭا سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئادەم.

— ياخشى ئادەم ئىدى، ئۇ سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى بىلەن ئاجايىپ ئىشلارنى قىلغانىكەن.

— قانداق ئاجايىپ ئىشلارنى؟

— ئارقا تاغدىكى بىر قويچىنىڭ خوتۇنىنى بۇلاپ كېتىپتىكەن.

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— بۇ مۇشۇنداق گەپ، ئۇ ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگەن، ئەمما ئايالنى بۇلاپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كىمگە تەئەللۇق بولۇشىنى ئايرىشالماي بىر - بىرىگە پىچاق تەڭلىشىپ ھەر ئىككىسى يارىدار بولۇشۇپ نەچچە ئايغىچە ئورنىدىن تۇرۇشالماپتىكەن.

— ئەمىسە ھېلىقى خوتۇنچۇ؟

— قايسى خوتۇن؟

— بۇلاپ كەلگەن خوتۇنچۇ.

— ئۇ خوتۇن، ئۇ خوتۇن قېچىپ كېتىپتىكەن.

— نەگە؟

— بۇنى كىم بىلىدۇ، نەگە قاچسا قاچىدۇ - دە.

مەن خالمۇراتقا قاراپ ھېچكىمگە ئىچ ئاغرىتىشمىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، ئىچ ئاغرىتىشقا توغرا كەلسە مۇنۇ خالمۇراتقا ئىچ ئاغرىتىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. بىر يىللىرى مەتتوختى تۇگمەن دەيدىغان بىرسى بار ئىدى، مەھەللىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا يۈگۈرۈپ باراتتى، دېمىنى ئېلىۋېلىپ يەنە بۇ باشتىن ئۇ باشقا يۈگۈرۈپ باراتتى، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق يۈگۈرىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئاشۇ مەتتوختىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىمۇ مەتتوختى، بالىسىنىڭ ئىسمىمۇ مەتتوختى بولغان مەتتوختى بىلەن تۇغقانچىلىقى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— ئۇلار ساراڭكەن.

— كىمنى دەيسەن؟

— ئارقا تاغدىن خەقنىڭ خوتۇنىنى بۇلاپ كەلگەنلەر.

— ئۇلار كىملەركەن؟

— ھېلى ئۆزۈڭ دېدىڭغۇ، سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ ئىشلىرىنى ساڭا سۆزلەپ بەرگەن ئادەم.

خالمۇرات بىردەم جىم بولۇپ قاراپ قالدى، ئۇنىڭ ئاغزى تۆت چاسا بولۇپ كۆزلىرى چەكچەيدى، ئاندىن كاپلا قىلىپ ياقامدىن ئالدى:

— بوۋامنى ساراڭ دېگۈچى بولما.

خالمۇرات ئۆزىگە سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بوۋىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنىدى، خالمۇرات مېنىڭ گەپ ئۇيىنىتىشلىرىمنى ئاخىر بىلىۋالغانىدى.

— خالمۇراتقا دىققەت قىلدىڭمۇ، — دېدى نازىم توشقان بىر كۈنى، — بۇ يىتىمدىن چاتاق چىقىپ قالماس.

— ياقەي، ئۇ بىر ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ.

نازىم توشقاننىڭ ئۇھ تارتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ھاجىنىڭ ئۇجمىسىگە ئۇۋا سالغان قۇشلارنىڭ ھەسرىتى توغرۇلۇق، ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان ئۇۋىسىنى چۆرگىلەپ پىرقىراپ سايرىغاندىكى نالىلىرى توغرۇلۇق نازىم توشقان خىيال قىلدىمۇ يوق، بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما شۇ ھالدا نازىم توشقان قاندا-

قىلا بولمىسۇن قانداقتۇر بىر ئىش توغرۇلۇق نادامەتتە ئىدى.

نازىم توشقاننىڭ گۇمانسىرىغاندەك ئاھاڭدىكى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خالمۇراتنىڭ كۆزلىرى ماڭا ئېلىشىپ قالغان، مېڭىسىدىن چاتاق چىققان ئادەمنىڭ كۆزى بولۇپ كۆرۈندى، بىر ئاقىل ئادەم ياراتقۇچىدىن ئۆزىنىڭ بىلىپ-بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلىگەنىدى. مەنمۇ ئىلگىرى ھەم ھازىر كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان نۇرغۇن ئېھلاس ھەۋەسلىرىم، پاسكىنا ئىنتىلىشلىرىم، گۇمانلىرىم، ئاداۋەتلىرىم، ئۆچمەنلىكلىرىم ئۈچۈن ياراتقۇچىدىن ئەپۇ تىلىشىم دۇرۇس، خالمۇرات ھەققىدىكى، خالمۇراتنىڭ سۆزلىرى ھەققىدىكى گۇمان ھەم مەسخىرىلىرىمدىن ئۇيۇلۇپ كەتتىم. ئەلى نوگايباش بىلەن خالمۇراتنىڭ ھەر ئىككىلىسى سەدىرىدىنىنىڭ بوۋىسىنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ نەۋرىلىرى، ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى، بوۋىلىرىنى دوراپ ئادەم بولغۇسى بارلىقىنى بىلمەن. بەزىدە ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئىنتىلىشلىرىمۇ مېنى قورقۇتىدۇ، غەمگە سالىدۇ، ھاجىنىڭ ئۇجمىسىنىڭ سايىسىدە يالغۇز قالغانلىرىمدا خىياللىرىم مەن بۇرۇنلاردا سۈيى مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ، دەپ ئويلايدىغان كونا ئۆستەڭنىڭ سۈيىدەك بەك ئۇزاق داۋام قىلىدۇ ھەم ئۇزاققا كېتىدۇ.

بۈگۈن خالمۇراتنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تىنىپ قالدى، ئۇنىڭدا بىرەر غەيرىي ئالامەت يوق ئىدى، ئۆزۈمنىڭ خىياللىرىمدىن، تەشۋىشلىرىمدىن ئۇيۇلۇپ قالدىم.

— گۆشنىڭ كىلوسى 60 يۈەنگە چىقىپتۇ، — دېدى ئەلى نوگايباش كۆزلىرىنى غەلىتە پارقىرىتىپ. ئۇ قاراپ تۇرۇپ يانچۇقىدىكى پۇلنى بىرسىگە تارتقۇزۇپ قويغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى، بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى باندىتلارنى تۇتقىلى كەلگەن ئەسكەرلەرگە يول باشلىغان بوۋىسى ئۇزاق بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز پۇشتىدىن بولغان نەۋرىسىنىڭ ھاجىنىڭ ئۇجمىسى ئاستىدا ئولتۇرۇپ گۆش باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنىدىن مەيۈسلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيتتى.

— بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ، — دېدى خالمۇرات ئەلەم بىلەن ئۇھسىنىپ، — قانداق جان باقىمىز.

— ئامال يوق، — نازىم توشقان ئۇھسىنىپ، — جان يەنە بېقىلىپ كېتىدۇ.

سەدىرىدىن ئۇلارنىڭ گېپىگە خۇشياقماسلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن خالمۇرات بىلەن ئەلى نوگايباشنىڭ گۆشنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ياكى چۈشۈشى ھەققىدىكى پاراڭلىرىنىڭ ھەممىسى تېنىگە ئەرزىمەيدىغان تايىنسىز گەپلەر ئىدى. ئەلى نوگايباش بىلەن سەدىرىدىننى بىرخىل چۈشنى تەڭ كۆرىدىغان ئادەملەر دەپ ئويلاپ قالمىسام بولاتتى، سەدىرىدىن ئېگىز تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرىدىكى شاخلارغا، بۇلۇتلارغا، تاغلارنىڭ يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چوققىلىرىغا قاراپ بوۋىسىنى، بوۋىسىنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى خىيال قىلغان چاغلاردا نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ.

— ئويلىمىغان يەردىن ئامەت كېلىپ ئۆيۈم يېڭىلىنىپ قالدۇ... ئۇشتۇمتۇتلا...

سەدىرىدىن شۇنداق دېگەندە ئەتراپ يوپيورۇق ئىدى، سۈكۈنات ئېغىر تىنىقلىرى بىلەن جاھانغا سۈر بېرەتتى. جىمجىتلىق ھاجىنىڭ ئۇجمىسىنىڭ غوللىرىدىن، پۇتاقلىرىدىن، ئۈزۈم شىرنىسىنىڭ يېلىم ئېقىپ تۇرغان يېرىدىن ئاستا-ئاستا يېيىلىپ كېتىۋاتاتتى. سەدىرىدىن بىرەرسىنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالدى. چىرايلىق ناخشا بولسا قانداق ياخشى. مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىن يېپىلغان ئىسسىق ھاۋادا بۇغداي پۇرىقى بار، ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ دېڭىز پۇرىقى كېلىدۇ، قىر بويلىرىدا، ئېرىقلاردا ئۆسكەن چۈجگۈن، تەلۋە بېدە، غاپچا ئوتلارنىڭ ھىدى كېلىدۇ. ئورما ئاخىرلىشىپ قالدى، ھازىر ئورما ناخشىسى، خامان ناخشىسى ئېيتىدىغانلار يوق. بۇرۇنقىدەك دۈمچىيىپ ئورما ئورىدىغان ئىشلار ھازىر يوق، شۇڭا ئورما ناخشىسى يوق، بۇرۇنقىدەك كالىلارنى قوشاققا قېتىپ خامان تېپىدىغان ئىشلار يوق، خامانىنى تىراكتوردا سوقىدۇ، شۇڭا خامان ناخشىسى يوق. مۇشەققەتلىك ھايات ناھايىتى چىرايلىق ناخشىلارنى ئاپىرىدە قىلغان، ناخشىلار شۇ قەدەر مەردانە، ھەممە ئىش ئاسانلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلار ئۆلۈمتۈك، پۇت-قولىدا ماغدۇرى يوق ئادەم دىرىلدەپ ئاران مېڭىۋاتقاندەك زەئىپ. سەدىرىدىن ناخشا ھەققىدە ئويلاپ باقامدىغاندۇ. سەدىرىدىنىنىڭ بوۋىسى، خالمۇراتنىڭ بوۋىسى، ئەلى نوگايباشنىڭ بوۋىسى... شۇ ئادەملەر قانداق ناخشىلارنى ئېيتقان بولار ئىدى.

— سېنىڭ ئۆيۈڭ نېمىشقا ئۇشتۇمتۇت يېڭىلىنىپ قال-

غۇدەك، ئۆزۈڭ بىر نېمە قىلىشىڭ كېرەكتە.

نازىم توشقان نۇرغۇن ئىشلارغا ئاچچىقلاپ يۈرۈشىنىڭ ئورنى يوق دەپ ئويلىسا كېرەك، ئەمەلىيەتتە جىق ئادەملەر مۇشۇنداق ئويلايدۇ، ئويلىغان بىلەن ئويلىغاندەك قىلغىلى بولمايدۇ، نازىم توشقاننىڭ چېكە تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشكە باشلىغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدى.

— جاھان دېگەندە ئاجايىپ ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇشتۇمتۇت يېڭىلىنىپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

— قۇرۇق گەپ، نەدە شۇنداق ئىش بولىدۇ، قوۋۇرغامنى ئەگمە، — نازىم توشقان بۈگۈن كەچتە يا ئەتە چۈشتە سەدىرىدىن بىلەن گەپ تالاشقىنىدىن پۇشايمان قىلىپ قالاتتى.

— سەن بىلمەيسەن، ئويلىمىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، شۇ ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە بىزگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، مەسىلەن دەيلى، مېنى مۇشۇ كۈنگىچە تونۇمايدىغان، ئەمما ھازىرغىچە مېنى ئىزدەپ تاپالمىغان بىرەر تۇغقىنىم بولۇپ قالسا، ئاندىن ئۇ ھەددى-ھېسابسىز پۇل-مېلى بار ئادەم بولۇپ قالسا... ئۇ مەندەك تۇغقىنىنى تېپىۋالغىنىدىن خۇش بولۇپ ئۆيۈمنىڭ كونىلىقىنى كۆرۈپ ماڭا يېڭىدىن ئۆي سېلىپ بېرىشى، ئاندىن يەنە ئۆيۈمگە ئەڭ ئېسىل ئائىلە جابدۇقلىرىنى قويۇپ بېرىشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمايدۇ دەپ ھېچقايسىڭ ھۆددە قىلالمايسەن.

نازىم توشقان ئاغزىنى ئاچقىنىچە بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەتراپىنى بۇغداي ئېتىزلىرىدىن كېلىدىغان ھىد قاپلىغانىدى، مۇشۇنداق ئىسسىقتا بۇغدايلىرى ئورۇۋېلىنغان ئېتىز يالىلداپ گىرىمسەن كۆرۈنىدۇ، گىرىمسەن بىلەن پىشقان بۇغداي ئېتىزلىرىنىڭ ھىدى كىشىگە بەك ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدۇ، شۇ ھالدا بىرەرسى ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپ قالغان بولسا، ئورما ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىپ ئۆتكەن بولسا... نازىم توشقان ئۈمىدسىز بىر كەيپىياتتا غۇدۇڭشىدى.

— شۇنداق بىر تۇغقىنىڭ بارلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

— بىلمەيمەن، ئەمما بولۇشى مۇمكىنغۇ.

مەن ھېچنېمە دېمىدىم. نېمە دەيمەن، نېمە دېسەم بولىدۇ. بەزىدە بەزى ئادەملەرنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىرنى قويۇپمۇ، دەسسەپ چەيلەپمۇ ئاچچىقىڭنى چىقارغىلى بولمايدۇ. سەدىرىدىنگە ئاچچىقىم كەلگىنى راست، ئەمما ئۇنى ئۇرۇپ، تىللاپ يۈرسەم بولمايدۇ. ئۇ نېمە ئويلىسا نېمە كارىم. ئەمما ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئاڭلاپ، ئارزۇلىرىغا زەن سېلىپ ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم.

دەريا قىرغاقلىرىدا چىرايلىق چىملار بولىدۇ، دەريادىن كېلىۋاتقان سالقىن ئارىلاش شىرىلدىغان ئاۋازلار كۆڭلۈڭگە جاھاننىڭ راھىتىنى بېرىدۇ، ئەمما شۇ چىملاردىن ئۇزاق بولمىغان بىر يەردە، بىر نەچچە ئادەم قىيقاس سېلىپ، قاقاھلىشىپ كۈلۈشىدۇ، پىۋا بوتۇلكىلىرىنى دەرياغا ئاتىدۇ، ھاۋادا ئۇلارنىڭ قىيقىلىغان، چىرقىراق كۈلكىلىرى ئاڭلىنىدۇ. دەريا سېنىڭ ئەمەس، دەريا بويىدىكى گۈزەل ھاۋا سېنىڭ ئەمەس، جىمجىتلىق سېنىڭ ئەمەس، دەريادىكى سۇ مېنىڭ ئەمەس، سۇنىڭ گۈزەل شىرىلدىشى سېنىڭ ئەمەس... شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ گۈزەللىكلەرنى بۇزۇشى ساڭا ھالاقەت بەرمىسە بولىدۇ. مۇشۇنداق ئويلىغان ئادەمنىڭ قەلبى زېدە بولمايدۇ، ئەمما مەن ئۇنداق ئويلىيالمايمەن، دەريا بويىدىكى چىرايلىق چىملار، گۈزەل جىملىققا ئارىلاش گۈزەل ئاۋازلار بۇزۇلماسلىقى كېرەك. سەدىرىدىن يۈرىكىمدىكى خۇددى شۇنداق بىر دەريا بويىغا پىۋا بوتۇلكىسى ئېتىۋاتقاندەك، گۈزەل جىملىق ئارىسىدىكى تېتىملىق ئاۋازلارنى بۇزۇۋاتقاندەك ئىدى. ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. ئادەملەر نېمىشقا ھاراق ئىچىدۇ، تاماكا چېكىدۇ، ناس سالىدۇ، سەۋەبلىرى تولىدۇر، مەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمىگەندەك بۇنىمۇ بىلمەيمەن، تاماكا تاشلىمىغان بولسام سەدىرىدىنگە قاراپ تۇرۇپ بىرەرنى كۆچەپ شورىۋەتكەن بولاتتىم.

سەدىرىدىن بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولدى، ئۇ كۆۋرۈكنىڭ شالاسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىكەن، ئىشتىنىنىڭ تىزى يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر نەچچەيلەن بار ئىدى، خۇي-مىجەزى ئوخشاش ئادەملەر بىر-بىرى بىلەن تېپىشىدىغان جاھانكەن بۇ، بۇلار خوتۇنىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئارىسىدا خالمۇرات بىلەن نازىم توشقانمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ خوتۇن ھەققىدىكى پارىڭىنى ئەتىسى خالمۇرات ئېيتىپ بەردى، غەمكىنلىكنى مۇتلەق ياقتۇرمايدىغان، غەمكىنلىكتىن مۇتلەق قۇتۇلالمايدىغان خالمۇرات ماڭا شۇ كۈنى كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇشۇپ دېيىشكەن گەپلەرنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى.

— مەن ھامان بىر كۈنى خوتۇن ئالىمەن.

سەدىردىدىن شۇنداق دېگەندە ھەممەيلەن ئۇنىڭ سۆزىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاپتۇ، ئەمما بۇ جىمجىتلىق پەقەت جىمجىتلىققا ئوخشايدىكەن.

— خوتۇن ئالغانىنىڭ نېمىگە پايدىسى.

سەدىردىدىننىڭ يېنىدا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان بىرسى شۇنداق دەپتۇ، ئۇ بىر يەردە كونا تام ئۆرۈلۈپ كەلگەن ئادەم بولسا كېرەك، يۈزىگە توپا يۇقۇشۇپ تۇراتتىكەن.

— شۇ، ئاۋارىچىلىكلا بىر ئىش.

يەنە بىرەيلەن مۇشۇ گەپنى قىپتۇ. خالمۇرات يۈزىگە توپا يۇقۇشۇپ قالغان ئادەم بىلەن مۇنۇ كىشىنى يېقىن تۇغقان ياكى ئاغىنە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى خالمۇرات بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ پەرىزىچە قوشنا مەھەللىدىن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار بەلكىم ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدا مېڭى بار ئايگۈل سەتەڭنىڭ مەھەللىسىدىن كەلگەنلەر، ھېچ بولمىسا ئايگۈل سەتەڭنىڭ كىملىكىنى بىلىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. خالمۇراتنىڭ پەرەز قىلىشىچە بۇ ئىككى ئادەم «خوتۇن ئالغانىنىڭ نېمىگە پايدىسى بار» دېيىش بىلەن سەدىردىدىننى مازاق قىلماقچىكەن، ئەمما سەدىردىدىن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلمىگەندەك ئۇلار ئۇزاق مەتەۋۇلىشىپتۇ. شۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقان بىر كىشى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جايىدىلا توختاپ قاپتۇ، خالمۇرات بۇ كىشىنىمۇ تونۇمايدىكەن، ئەمما بىردەمدىن كېيىن خالمۇرات ئۇ كىشى بىلەن سۆزلىشىپ قاپتۇ، ئۇ ئادەم خالمۇراتتىن تاماكا سوراپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاراڭلىشىپ قاپتۇ، ئۇ كىشىنىڭ دېيىشىچە خوتۇن ئېلىش دېگەن ھاياتنىڭ داۋام قىلىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن، بايىقىدەك گەپلەرنى قىلىپ، ھاياتقا، نەسلىگە بىپەرۋا قارايدىغان بولۇپ قالسا پەقەت بولمايدىكەن.

— مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، — دەپتۇ سەدىردىدىن يۆتەلدىن توختاپ.

— نەرىڭ ئوخشىمايدۇ، — دەپتۇ خالمۇرات تونۇمايدىغانلارنىڭ بىرى بويىنىنى قىسىپ.

— مېنىڭ خوتۇن ئالغۇم بار.

— سەن قانداق ئالالايتىڭ، — دەپتۇ ھېلىقىلارنىڭ بىرى.

— ئۇنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن، — دەپتۇ يەنە بىرى.

نازىم توشقان پات - پات خالمۇراتقا، پات - پات ھېلىقى ئىككەيلەنگە، ئاندىن سەدىردىدىنگە قاراپ قويىدىكەن.

— ئىشقىلىپ مېنىڭ خوتۇن ئالغۇم بار، — سەدىردىدىن يېنىدىكى يۇمشاق توپىغا تۈكۈرۈپ قويۇپ شۇنداق دەپتۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھېچقانداق ھاياجانلىنىش يوقكەن، خالمۇراتنىڭ ئويىچە خوتۇننىڭ گېپى بولغانىكەن كىشىدە ئازراق بولسىمۇ تىترەش بولۇشى كېرەككەن.

— ئالالمايسەن، — بايىقى ناتونۇش ئىككەيلەننىڭ بىرى شۇنداق دەپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى سەدىردىدىنگە ئاچچىقى كېلىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى ھە دېسە يۇمچۇكلىتىپ تۇرغىدەك.

— بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئۇشتۇمتۇت خوتۇنلۇق بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

— مەسىلەن قانداق؟

— مەسىلەن دېگەندە، مەسىلەن... ماڭا نەزەر سېلىپ يۈرگەن بىرەر چوكان بولۇپ قالسا، ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلىپ ماڭا تېگىدىغان بولۇپ قالسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ قارشى چىققىنىغا قارىماي ماڭا تېگىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا نېمىشقا ئىشەنمەيسەن.

ھېلىقى ئىككەيلەن قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، كۈلكىسى بەك سەت ئىكەن، ئۇزاق داۋاملىشىپتۇ. خالمۇراتنىڭ دېيىشىچە شۇ چاغدا نازىم توشقاننىڭ بەكلا ئاچچىقى كېپكېتىپتۇ، ئۇ ئورۇق مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ھېلى سەدىردىدىنگە ئېتىلىدىغاندەك ئەلپازدا ئىكەن. شۇ ئاچچىقىدا سەدىردىدىنگە قول سوزۇپلا قالسا ئۇنى بوغۇپ قويىدىغاندەك ئەلپازى بار ئىكەن، خالمۇراتنىڭ مۇشۇلارنى ھېكايە قىلىۋاتقاندىكى غەمكىن ئاۋازى ماڭا بەكلا ئېغىر بىر نەرسىنى يۈدۈۋالغاندەك تەسىر بەردى.

— ياق، ئىشەنمەيمەن.

ھېلىقىلارنىڭ بىرى جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ شۇ ئەپتىگە قارىغان ئادەم ئۇنى ھەرقانداق ئامال بىلەن سەدىردىدىننىڭ خوتۇن ئالالايدىغانلىقىغا ئىشەندۇرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.

— ئىشەنمىسەڭ ئىشەنمەيۋەر، ئىشقىلىپ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چىرايلىق بىر ئايال ماڭا كۆيۈپ قالىدۇ، مەن ئالمايمەن دېسەممۇ ئۇنىماي ماڭا تېگىدۇ، ھامان بىر

كۈنى شۇنداق بولدۇ.

خالمۇرات جىم بولۇپ قالدى، ئاخىرىدا نېمە گەپلەرنىڭ بولغىنىنى دەپ بەرمىدى، مېنىڭمۇ سورىغۇم كەلمىدى. شۇ چاغدا ئېشەكنى پات-پات يۇمشاق توپىلىق يەرگە ئاپىرىپ ئېغىنىتىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئېشەك سۇ ئىچىۋاتقاندا ئىسقىرتىپ بېرىشنىڭ پايدىسى بارلىقىنى تولا دەيدىغان بىر كىشى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى، خالمۇراتنىڭ بۇ كىشىگە ئاچچىقى باردەك قىلاتتى، خالمۇرات ئۇنى ھەر كۆرگەندە: «ئېشەكتىن باشقا بىر نېمىنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ» دەپ غۇدۇراپ قوياتتى. ئېشەكنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان كىشىنى كۆرۈپ خالمۇراتنىڭ خىيالى چېچىلىپ كەتسە كېرەك، شۇ ھالدا سەدىرىدىنىنىڭ بوۋىسى بىلەن بىللە قىمار ئوينىغىنىدىن، نەشە چەككىنىدىن، ئىت تالاشتۇرغىنىدىن پەخىرلىنىدىغان بوۋىسىنىڭ قېرىغاندا تىلەمچى بولۇپ كەتمىگىنىگە شۈكۈر قىلىشى كېرەكلىكى توغرۇلۇق خىيالغا كەتكەندەك قىلاتتى.

— سەدىرىدىنىنىڭ بوۋىسى ئۆتمۈشتىكى ئابىل تايغانىڭ بۆرە ئىتىنى ئوغرىلىۋاپتىكەن.

نازىم توشقان دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، ئۇ كونا تامغا يۆلىنىپ خورەك تارتىۋاتقان سەدىرىدىنگە لەپپىدە قاراپ قويدى، خالمۇراتنىڭ غەمكىن ئاۋازىدىن مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست يا يالغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

— قانداق ئوغرىلاپتىكەن؟ — دېدى ئەلى نوگايباش بېشىنى قاشلىغاچ.

— يېتىلەپ كېتىۋاتقان يېرىدىن تارتىپلا ئېلىپ قاچقان گەپ.

— ئوغرى بولۇپمۇ قالتىس ئوغرىكەن ئەمىسە.

— بۇنى ئوغرى دېمەيدۇ، بۇلاڭچى دەيدۇ.

— ئەمەلىيەتتە ئىككىسى ئوخشاش، بەرىبىر خەقنىڭ بىر نېمىسىنى ئېلىۋالدۇ.

ئەلى نوگايباش بىلەن نازىم توشقاننىڭ تالاش-تارتىشى خېلى داۋام قىلغانمۇ بولار ئىدى، شۇ چاغدا سەدىرىدىنىنىڭ خورىكى پەسلەپ ئاستا-ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

— نېمانداق تالادا قالغان ئادەمدەك تامغا يۆلىنىپ ئۇخلايسەن، — نازىم توشقان سەدىرىدىنىنىڭ ئويغىنىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ جىددىيلەشكىنىچە كېكەچلەپ قالدى، خالمۇرات ئەلى نوگايباش سۇنغان تاماكىنى قولىغا بىر شوراپلا يەنە ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— تاماكاڭنىڭ پەقەت كۈچى يوقكەن.

— زىيىنى ئازراق بولارمىكى دەپ مۇشۇنداق كۈچسىز تاماكا چېكىۋاتىمەن، — دېدى ئەلى نوگايباش.

— زىيىنى بولمىسۇن دېسەڭلا چەكمەيلا قوي، — دېدى نازىم توشقان، — مەن مۇشۇ بىر نېمىنى چەككەن ئادەمگە ھەيران قالىمەن، سېسىق ئىسنى شوراپ نېمە قىلىدۇ دەيمەن.

— سەن بىلمەيسەن، — دېدى خالمۇرات، — تازا ئىچىڭ پۇشقاندا بىرنى چېكىۋالساڭ پىغانىڭ بېسىلىدۇ.

— بۇنى چەككەننىڭ دەردكە داۋاسى بولىدۇ، دېگەنىڭمۇ تايىنسىز بىر گەپ، يۇقىرى مەھەللىدىكى ئاسمائاخۇن بالا يۈزى كۆرەلمىدىم، دەپ يىغلاپ يۈرۈپ، تاماكا چېكىشنى باشلاپتۇ دەيدۇ، ئۆزى موللا ئادەم ئىدى، توۋا دەپ قالدىم.

— باللىق بولالمىدىم دەپمۇ يىغلامدىكەن.

— شۇ، ئاسمائاخۇن شۇ سەۋەبتىن يىغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ، يەنە تاماكىغىمۇ ئۆگىنىپ قاپتۇ.

خالمۇرات بىر ماڭا، بىر ئەلى نوگايباشقا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ دېدى:

— باللىق بولغاننىڭ نېمىگە پايدىسى.

مەن شۇ چاغدا خالمۇراتنىڭ سەدىرىدىنىنىڭ ھامان بىر كۈنى خوتۇن ئېلىشىغا ئىشەنمىگەن قۇم مەھەللىلىك ئادەملەرنى دوراپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم، شۇ چاغدا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغان سەدىرىدىنىنىڭ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مېنىڭ ھامان بىر كۈنى نۇرغۇن باللىرىم بولىدۇ.

خالمۇرات بىلەن نازىم توشقان شۇ چاغدا باللىق ۋاقىتلىرىدىكى قىسماقتا قۇشقاچ تۇتىمىز دەپ قىسماق قولىنى قىسىۋېلىپ ئاغرىقتىن ۋارقىراپ كەتكەنلىرىنى، كەڭ دالىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يېتىشەلمەي يىقىلىپ كەتكەنلىرىنى، مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى قارا سۇلۇق كىچىك كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئۆردەكلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن جىلە قۇرماقچى بولۇپ كۆلگە چۆكۈپ كەتكىلى تاس قالغانلىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك قىلاتتى، سەدىرىدىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەر ئىككىسىنىڭ خىياللىرى چۇۋۇلۇپ توزۇپ كەتتى.

— قانداق قىلىپ ئۇرغۇن بالىلىق بولماقچىسەن.

— ئىشقىلىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت بىرەر سەۋەب بىلەن بالىلىق بولۇپ قالىمەن.

— بالىلىق بولۇش ئۈچۈن خوتۇن ئېلىش كېرەك بولىدۇ، سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولمىسا...

ناتونۇش ئىككى ئادەم سەدىرىدىنگە چېكەتكىدەك تىكىلىپ جىممىدە ئولتۇرۇشتى. تامدىن ئۆلۈك تويىنىڭ ھىدى كېلەتتى، ئاپتاپ كۆلەڭگە ياقاتتى، مەن سەدىرىدىن مۇنۇ پاكار ھەم ئاجىز تامنى ئۆرۈۋېتىپ ئورنىغا يېڭى ئۆي سېلىشنى ئويلىسا بولاتتى، دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم، سەدىرىدىن غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا غۇدۇراپ قويدى:

— ئىشقىلىپ ئويلىمىغان يەردىن ئامەت كېلىپ خوتۇنلۇقمۇ، بالىلىقمۇ بولۇپ قالىمەن.

— قانداق سەۋەب بىلەن، — ئەلى نوگايباش زەردە بىلەن سورىدى، — جاھاندا نەدە مۇشۇنداق ياخشى ئىش بولسۇن، ھەرقانداق ئىشنىڭ بىرەر سەۋەبى بولۇشى كېرەكقۇ.

— جاھاندا سەۋەب دېگەن تولا، تازا بالىغا ئامراق خوتۇندىن بىرەرسى ماڭا كۆيۈپ قېلىپ شۇنىڭ بىلەن...

ئەتراپنى جىملىق باستى. مەن، نازىم توشقان، ئەلى نوگايباش، ناتونۇش ئىككى ئادەم، سەدىرىدىن... ھەممىمىزنىڭ تىنىقى توختاپ قالغاندەك ئىدى. ھېچكىم گەپ قىلالمايدىغاندەك، قىلاي دېسىمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەندەك ئىدى. گەپ دېگەن دەۋەرسە بولۇۋېرىدىغان نەرسە، ئەمما بەزىدە ئادەم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالىدۇ، بىرسىنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنى، يەنە بىرسىنىڭ چىشلىرىنىڭ غۇچۇرلىغىنى ئاڭلاندى، مەن كىمنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىنى، كىمنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىنى بىلەلمىدىم.

ھاجىنىڭ ئۈجمىسىنىڭ ياشارغان شاخلىرىغا ئۇۋا سالغان قۇشلارنى، سەدىرىدىن يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان كونا تامنى خىيال قىلىپ كۆنلەرنى ئۆتكۈزدۇق. سەدىرىدىننىڭ بوۋىسى توغرۇلۇق ئويلانغىنىمدا پۈتۈن يۇرتتا ھېچكىمدە يوق كاتتا ئوغلاقچى ئېتى بولۇشنى، قارا يايلاقتىكى جىمى قويلارنىڭ ئىگىسى بولۇشنى، پۈتۈن يۇرتتا نامى چىققان كاتتا چېلىشچى بولۇشنى ئارمان قىلغان سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىدىن سەدىرىدىنگە نېمىلەرنىڭ مىراس قالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدىم، مۇشۇلارنى خالمۇراتتىن سورىماقچى بولۇپ يالتايدىم، خالمۇراتتىن باشقا سورىغۇدەك ئادەممۇ يوق ئىدى.

سەدىرىدىنگە نېمىلەرنىڭ مىراس قالغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، ئەمما سەدىرىدىننىڭ بوۋىسىدىن سەدىرىدىنگە ناھايىتى ئۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ مىراس قالغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بىز ئۇلۇغلاردىن، چوڭلاردىن قالغان نەرسىلەرنى يۈرىكىمىزگە لىققىدە قاچىلاپ، دۈمبىمىزگە ئارتىپ ياشايمىز، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم، بەزىدە مۇشۇ ئويلىرىمدىن قورقىدىغان بولۇپمۇ قالدىم.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاتتا ئالىم بوپ كېتىشىم مۇمكىن.

سەدىرىدىن بۇ گەپنى دېگەندە كۈن قىزىل بولغان چاغكەن، ھاجىنىڭ ئۈجمىسىنىڭ تاشتەك قاتتىق غوللىرىدا، ئېگىز شاخ - يوپۇرماقلىرىغا قىزغۇچ نۇر جۇلالاپ تۇرىدىكەن، سەدىرىدىننىڭ گېپىنى نازىم توشقان خالمۇراتقا دەپ بېرىپتۇ، خالمۇرات ئەلى نوگايباشقا دەپتۇ، ئەلى نوگايباش ماڭا دەپ بەردى، سەدىرىدىننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان نازىم توشقان خېلى ئۇزاققىچە ھاجىنىڭ ئۈجمىسىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ ئاخىرىدا سوراپتۇ.

— قانداق بولۇپ ئالىم بوپ قالىسەن؟

— تەسادىپ پۇرسەتتە كىتابقا ئاشىق بولۇپ قالسام، ئاندىن كۈندە كىتاب ئوقۇپ ئالىم بوپ كېتىشىم مۇمكىن.

قۇملۇقلاردىن تەكلىماكاننىڭ ھىدىنى ئەكىلىدىغان شاماللار پات - پات چىقىپ تۇرىدۇ، ئاپتاپلىق كۈنلەردە تەكلىماكاندا ئاجايىپ نەرسىلەر كۆزگە چېلىقىدۇ، ئاجايىپ ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ، بۇنى ئالۋۇن، غايىب ئاۋاز دېيىشىدۇ.

— ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇرماي ھازىردىن باشلاپ ئوقۇۋەرسەڭ بولمامدۇ، — دەپتۇ نازىم توشقان ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان ھەسرىتىنى يوشۇرالماي.

سەدىرىدىن بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىراق ھازىر كىتاب - پىتاپ دېگەندەك نېمىلەرگە تازا رايىم يوق.

ئەلى نوگايباش ئۇھ تارتتى، تىنىقى بىردە سوغۇق، بىردە ئىسسىق ئىدى.

سەدىردىننىڭ زوكمى بارغانچە ئەدەپ كەتتى، يۆتىلى كۈچىيىپ هالى ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سەدىردىن مەھەللىدىن كېتىشتىن ئىلگىرى مېنى، نازىم توشقاننى خېلى ئىزدەپتۇ، ئەمما مەن بىرسىگە ئۆتنە بېرىپ قويۇپ بەش يىلدىن بېرى ئالالمىغان پۇلۇمنى ئېلىش ئۈچۈن قوشنا يېزىغا كەتكەندىم، نازىم توشقان يىراق يۇرتتىكى بىر شىرەم تۇغقىنىنىڭ قىزىنىڭ تويىغا قاتنىشىمەن دەپ كەتكەندى، ئۇ ئەلى نوگاياش بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ئىككەيلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئەلى نوگايباش نازىم توشقاننىڭ قاشتېشى توغرىسىدىكى گېپىنى قىلىپ بەردى.

— هازىر هەممە ئادەم قاشتېشى سودىسىغا كىرىشىپ كەتتى، بىر كۈنلەردە ماڭمۇ ئېسىل قاشتېشى چىقىدىغان كان ئۇچراپ قالدۇ. مەسىلەن، مەن تاغقا چىقىپ بىرەر تاغنىڭ باغرىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان چېغىمدا بىر نەرسە قولۇمغا تېگىپ كېتىشى، پۇتۇمغا پۇتلىشىپ كېتىشى، قولۇمغا تەگكەن، پۇتۇمغا پۇتلاشقان نەرسە ناهايىتى قىممەتلىك قاشتېشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

ئەلى نوگاياش سەدىردىننىڭ زوكامىنىڭ تەسىرىدىن قىزىرىپ كەتكەن بۇرنىغا، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىگە قاراپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

— سەن يا تاغقا چىقمىساڭ.

— بىرەر سەۋەب بىلەن چىقىپ قېلىشىم مۇمكىن، مەسىلەن، كان ئىزدەپ ماڭغان بىرەر ئەترەتكە يول باشلاپ قېلىشىم، يا بولمىسا ئۆزۈمنىڭ تاغلارغا چىققۇم كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

سەدىردىننى قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كېتىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەپتۇ، مەن سەدىردىننى ئۇزاق خىيال قىلدىم.

2013 - يىل 1 - ئاي

---

ئاپتور: يازغۇچى، چەرچەن ناهىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا.


## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئادىل تۇنىياز



# ئالەم شەھرىدىن ئۇچقۇچى شەھەرلەردىن تاللانما

**توققۇزىنچى كارۋات**

سېستىرا ئىسمىمنى چاقىردى بۈگۈن
باشقا ئىشىكتە، باشقا يۇلتۇزدا.
توققۇزىنچى كارۋاتتىن چۈشتۈم
ئاق كىيىملىك پەرىشتە بوندا.

مەن كېسەل ئەمەس
تېنىم ئاغرىسا،
مەن ساق ئەمەس
جېنىم ئاغرىسا.

توققۇزىنچى كارۋاتتا مەن بار،
ئوپۇل-توپۇل كىرسە دوختۇرلار
مېنى تىنىقى توختاپ قاپتۇ دەپ.
كارۋاتتا مەن يوق،
كارۋاتمۇ تەڭ يوق،
ئەگەر ئالەمنى بىر ئۆي دەپ بىلسەك
مەڭگۈلۈكنىڭ ئىچىگە كىرسەك.

**ئالدىغا قاراپ ماڭسام بەش قەدەم**

ھۆل ئاۋازىم
قايتتى يامغۇردىن
ساقىغاندا ئاخىرقى تامچە
بىر قانچە قەدەم ماڭدىم سۈكۈتكە.

ئالدىغا قاراپ ماڭسا بىر ئادەم
بىر توپ چىنار يول بويلاپ توختار،
سايىسى يوق يېشىل كىشى مەن.

بىز ئىككىمىز پىچىرلاشقاندا
ئۈچىنچىسى سەن
ئۈچىنچىسى سەن.
يامغۇردىن چىقىپ ماڭسام قايانغا
ھەر يېنىمدا چاقناپ تۇرىسەن.

سەرسانە بولۇپ، مەستانە بولۇپ
بېكەتتىن چىقسام، جەننەتنىڭ ھىدى
بۇ يامغۇرلۇق بىر كۈنى ئىدى...

**سۆزلەۋاتقان يىڭنە**

تېنىمنى بىر يىپقا ئېسىپ قويدۇڭ
مەن پارقىراپ تۇرغان قاتتىق جىن.
سەن مېنى بىھۇدە تېشىپ قويدۇڭ،
مەن تەشمىسەم پۈتمەيدۇ ئىگىن.

ئەي ئىنسان تۇپراققا خوپ كەلگەن بويۇڭ
مەن كىيىم تىكەرمەن يالىڭاچ جىسمىم.
يىتىپ كېتەرمەن ئادەم كۆزىدە،
ئالەم كۆزىدىن يىتمەيدۇ ھېچكىم.

ئاسمان پۈتى

ــ ئەنە ئاۋۇ ئاسمان پۈتى، دەپ
پەس شېخىدا كۆرسەتتى تىرەك
ماشىنىلار ياماشقان دۆڭنى،
مەن ئاڭلىدىم ئۇيغۇر تىلىدا.

دۆڭگە پىيادە چىققان ئۈچ كىشى
دۆڭدىن چۈشتى ئۇيغۇر تىلىدا.

ئۇيغۇر تىلىدا ئاسمان پۈتى گەپ:
ئاغزىغا كەلگەنچە پەلپەتىش سۆزلەش.

سۆزدىن مارىغان ھاۋارەڭ ئادەم
كۆردى پىكاپ ياماشقان دۆڭنى،
شوپۇرى مەن ماشىنام ئۆلدى،
ئۆلۈمى سىيادا بوغداي ئۆڭ ئادەم.

ماڭ دېدى
ئاسمان ماڭدى
ئاسمان پۈتى ــ سۆز.

بالا ھەمراھى

ئۈچىنچى ئايغا كۆك ئۆتتەك تولغان
بالامنىڭ تىنىقى، سۈت پۇرىقى.
يەردىن مارىسقا كەتمەكچى بولغان
ھەمراھىنىڭ قىزغۇچ يورۇقى.

بولدۇم ھەسەل ھەرىسىدەك باي
يۇقتى قولۇمغا ئالتۇن پوقى.
ئېمىنتى تۈندە دېرىزىدىن ئاي
بولدى كۈندۈزدە كۈننىڭ بوۋىقى.

يالتىراق خالتىدا پېشايۋاندا
ئۈنتۈلۈپ قاپتۇ بالا ھەمراھى،
بىر سەييارە
ئۇرىتىسىز قالغاندەك
بىر نەچچە كۈن،
بىر نەچچە سائەت...

كۆمدۈم ئۇنى ئالما تۈۋىگە،
بىر ئاسمان جىسمىنىڭ كىردى چۈشىگە.

ئىككىمىزنىڭ ماشىنىسى

ماشىنام ئارقىغا قايتماقتا ئىدى
ئاخىرقى قىشتەك ئاستا ـ ئاستا.
سېنىڭ بىر قولۇڭ ئالدى خوتتا،
قىزىلگۈل تىلىدا سېنىڭ ماشىناڭ
ۋارقىرىماقتا: بولدى قىل، توختا!

كۆرمەستە بىز چىرايىمىزنى
ئىككىمىزنىڭ ماشىنىسى
خىجىللىققا سالدى بىزنى
ئالدىراق قېلىپ
تۇمشۇقلىرىنى يېقىن قىلىپ
پۇرىشىپ، سۆيۈشۈپ، سۇۋۇشۇپ
يانپېشى بىلەن.
قىزىل رەڭلىك ئايال ماشىناڭ
نەقەدەر نازۇك، نەقەدەر لېۋەن.

ئىككى ئادەم كۆرەلمەيدۇ
كۈندۈزدىمۇ بىر ـ بىرىنى،
روھى قالغان بولسا زۇلمەتتە،
ئۆچلۈك نەپرەتتە.
كۆرۈش ئۈچۈن كەمتۈك يېرىنى
قارىشىدۇ لوپا ئەينەكتە.

ئاسمان جىسملىرى مۇھەببەتتە
ئايلىنار كۈن، ئاي، يەر بىر ـ بىرىنى.
ئالەم شوپۇرى كۆرۈنمەيدۇ

قاتناش ۋەقەسى كۆرۈلمەيدۇ
پىلانېتلار چەكسىز ھەرىكەتتە.

مەن تۆمۈردىن ياسالمىغان ماشىنا
جان مىسلى موتور قوزغالغان تەندىن.
مەن چەمبەردەك ئېگىلىپ بۇندا
سەممىي ئەپۇ سورايمەن سەندىن.
بىراق سەن ئەپۇ سوراپ باقمىدىڭ
تېنىڭنى قارىغۇلارچە ھەيدىگەندىن
سېنى ئاپىرىدە قىلغان ئىگەڭدىن.

* *

ماشىنىدىن چۈشتۈم
ئويغىنىپ چۈشتىن،
ئىككىمىزنىڭ ماشىنىسى
ئۇچراشتى ئەرۋاھى زېدە
ئاسماننىڭ ئەگمىسىدە.

### قاردىن ئاز

قۇياشتىن ئازمەن
مەندىنمۇ ئاز قار.

ھاۋادا بىر ھازا قالدى لەيلەپ
ئەرشتىن كەلگەن مېھمانلار باشتا،
ئاندىن ئۆز تىلىدا ماڭدى پەيدەك
قارنىڭ قەدەم ئىزلىرى شاختا.

باغقا سىزماقتا رەسىم
رەسىمدە مەن بار، دەل- دەرەخ ۋە قار.
ئەترگۈل ئېچىلغان ئادەمسىز ئاسمان
زەر كىرپىك سىزىلغان جادۇ كۆز قۇياش.

ئازىمەن يالقۇندەك
يازىمەن مايماق
پۈتۈم بىلەن ئاق مىسرالارنى،
مەۋجۇتلۇقۇمدا كۆرۈنمەس يارنى؛
يار كىتابنى ئاچقاندا ئايىاق
دەرەخلەر ئوقۇشقا باشلىدى قارنى.

قاردىن ئازمەن
ھاۋادىن ئېغىر،
قاتتىق نەرسىلەرگە ياتقان ۋاقتىمدا،
تىل تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن
زېدە باناندەك ياتقان ۋاقتىمدا،
قار دېگەن سۆز چاقىردى مېنى
قاپىيەسى ئېرىپ تۆككەن.
سۆز بوشلۇقىدا ئاقار يۇلتۇزلار
يۇلتۇزۇمنى كۆتكىلى نى كەم؟

### ئابدۇراخمىنكامنىڭ ئانىسى

تاغنىڭ ئانىسى پەس قەبرىستان،
ئۇيغۇرنىڭ ئانىسى- تەكلىماكان-
تۈندە يۇلتۇزلارنى ئېمىتىۋاتقان.

يېتىم قوزىدەك ئابدۇراخمىنكام
يىتتۈرۈپ قويدى ئىسسىق چىرايىنى،
قاپاق تېرەكتە قېرىغان ئاينى،
كېپىنەك ئىز سالغان باغباراڭنى،
يىللار غېجەك چېلىۋاتقاندا.
كېلىۋاتقاندا
چىقىپ ماشىنىلار ئۆز تىلىدىن،
پېتىپ يوللار لايغا، ھەسرەتكە.
مېڭىۋېرىپ يامغۇر توختىغان،
ئۆلۈم ئوخشىغان جىددىي خىزمەتكە
بوشاشماستىن ساقلاي دېسەك جان.
ئىشخانىدا تىركەشمەكتىمىز
سايىلىرىمىز تالادا سەرسان،
غايىلىرىمىز پېتىدىن چۈشكەن
چاچلىرى ئۆسكەن شاھمەشرەپسىمان،
ئۇرۇق- تۇغقانلىق، ئانا- بالىلىق
مېھرىسىز بايلىقتىن زۇلمەتتە قېلىپ،
تىلىگەندە نان ئۆيي- ئۆيگە كېلىپ
ئابدۇراخمىنكام
شۇ كونا ئۆيدە كۆيۈپ تۇرغان شام؛
نۇردىن ھەيكەل قوپاردى تىرىك،

قىلدى بىر ئۈمۈر ئانىغا بايرام.

توختىدى بىر قول ئالما تۈتۈشتىن،
بىر قىزىل ئالما ئىسسىق سوقۇشتىن،
كەتتى بىر موماي تېز ئۈچۈپ قۇشتىن.

قارا ئەي كور، دۇنيا قانداق زور!
ھەممىمىز ئانىسىز ئۇيغانساق چۈشتىن.

**بىر تال يامغۇر قانچە پۇل**

قۇلۇلە كۆلدە ئاسمان چوڭقۇر
بىز ئۈچۈن بىكارلىق كۆز بىلەن نۇر.

سەدەپ قۇلۇلىسى بىلمەيدۇ تېخى،
مەرۋايىتنىڭ يېپى قانچە پۇل؟
ئىزدىسەك سۇدىن جان ئىزنى
ئاق يۇزلەر دالدىغا ئالغان ئۆزنى.

سورىدىم، — تىزنىقى قانچە تالدىن؟
كۆكسى ئېچىلىپ قالغان ئايالدىن.

جىنىم يىراق يازنى پۇرىماقتا،
تېنىم جىنىمدىن سورىماقتا.

سورىغىنى مەرۋايىت رەڭدە
سورالمىغان رەڭ ئازاب ئىكەن- دە!

بازار تاقالدى يامغۇر ياغماقتا،
ئېسىلىپ قالدى يىپلار شاخ- شاخقا.

مەن دەرەخنىڭ ئاستىدا ئىدىم
يامغۇر قانچە پۇل سورىمىدىم.

كوچىدىن سانسىز كۆز قارىماقتا
كېچىدىن بىر ئادەم يورۇماقتا...

چىلتەنلىرىم مازىرىغا دېرىزىدىن نەزەر
كىرىپكىم بىلەن ئەيلەيمەن ھەزەر
ئەرۋاھلارنىڭ تەخسىرىتىدىن.
قارىسام يېڭى بىر قەدىمىي شەھەر
ئاستى ئۈستىدىن، ئىچى سىرتىدىن.

گۈمبەزلەر توختىغان
يۇملاق مېڭىپ،
چاسا بىنالار قىلچە قورقمىغان
بىر قەدەم قالغىچە كەلگەندەك يېڭىپ.

يىرتىق ئەلەملەر ئېگىز يەلپۈنەر
ئاق بۇلۇت بىز ئەمەس، بىزنىڭ ئەمەس كۆن.
يەردە ياتقانلار كۆككە تەلپۈنەر
خام خىيال كېرەك قۇش بولۇش ئۈچۈن.

كۆزنىتش نۇقتىسى يۆتكەلدى قۇشنىڭ.

قىزغۇچ توپىدىن
بىر دان يۆتكەلدى،
پالاقلايدۇ پەرىشان بىر توپ.
بىر مۇردىنىڭ قوپقىسى كەلدى
ياغلىقلىق ئايال ماڭسا چوغ تۇتۇپ.

ئۆتتى كېسىپ كۆك شولا كۆكنى،
ئابدۇرەشىتخان كىيىپ ئاق بۆكنى
«خان تاجى» پىكاپىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى.

كۆزەتكۈچى
سەزدى ئۇشتۇمتۇت،
تىكىلگەن كۆزىگە كۆزنىتىلگۈچى.
كور قەلەم مۇدۇرەر مېنىڭ قولۇمدا،
ئۇنىڭ قولىدا ئاسمانلار ئۈچى.

ئاپتور: شائىر، ئۈرۈمچى شەھىرى «نۇر ۋە قەلەم» كىتابخانىسىدىن

# دېڭىز بويىدىكى ئەم خىياللار



رۇقىيە ئابدۇللا

(بېشى 1 - ساندا)

8

ماڭىدىغان ۋاقتىمىز قىستاپ قالغانچە، قىلىدىغان ئىشلىرىمىز تۈگىمەيدىغاندەكلا قىلاتتى. بۇ يەردىكى خىزمەت، ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتلىرىمىزنى يېزىش دېگەندەك ئىشلارغىمۇ خېلى ۋاقىت كېتەتتى. بىز توردىن نىڭبونىڭ ۋە ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئۈچ ئايلىق ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئۆزىمىزنىڭ ھېس قىلغانلىرىمىزنى دېيىشىپ، ھەر بىرىمىز يۇرتىمىزدىكى ئۆزىمىزنىڭ مەكتىپىگە خاس تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيتتۇق. ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى بايقاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ھەم ئىمكان بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۈزەكى مەسىلىلەردە ئوقۇتۇش جەھەتتە ئالاھىدە چوڭ پەرق بار دېگىلى بولمايتتى.

ئاشۇ بايقىغان يۈزەكى مەسىلىلەرنى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ باقتىم: بىرىنچىدىن، بۇ يەردە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە مائارىپ سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئەمەلىي ۋە دەل ئىكەن. ئوقۇش - ئوقۇتۇش ھامان مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق خىزمەتنىڭ يادروسى ئىكەن. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىردەم بىكار تۇرۇپ قالغىنىنى، پاراڭلاشقىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى، تەنەپپۇسلاردا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇق دەپتەرنى ئەكىرىپ بېرىش ئۈچۈن، دەرس سوراش ئۈچۈن توختىماي كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. خۇددى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش، سىنىپ يىغىنى ئېچىشتىن باشقا قوشۇمچە ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوقتەك تۇيغۇ بېرەتتى، ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى ۋە كەسكىن رىقابەت بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر بىر پىكىر خىيالىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز بۇ مەكتەپلەردە تۇرغان جەرياندا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۈرلۈك قوشۇمچە ئىشلار ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى جەدۋەللەر ئۈچۈن زورۇققىنىنى، تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەر ئۈچۈن دەرسىنى قايرىپ قويۇپ ياكى ئالماشتۇرۇپ يۈرۈپ ئىشلىگىنىنى، بالىلارنىڭ نەچچە سائەت ئەمەس، بەش مىنۇتمۇ ئوقۇتقۇچىسىز بىكار قالغىنىنى ئۇچراتمىدۇق.

ئىككىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە يېقىندەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بىر سۈنئىي توساق يوقتەك تەسىر بېرەتتى. بۇ مەسىلىنىڭ ھەر قانداق بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماق قىيىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا يەنىلا ئادىتىمىز بويىچە مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت زىچ ھەمكارلىقىدىكى ياخشى شارائىت ھازىرلانغاندىلا ئاندىن بۇ ھەل بولىدۇ دېيىشىمىز مۇمكىن، مېنىڭچە، يەنىلا ئەڭ مۇھىمى ئۇ بالىلار نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا شۇنداق ئۆگىتىلگەن. لېكىن بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىشتىكى كونكرېت چۈشەنچىسى تولىمۇ تۇتۇق، ھەتتا بەزىدە ئۆگەتكۈچىمۇ نېمىنى ئۆگىتىپ، نېمىنى ئۆگەتمەسلىكنى ئايرىپ بولالماي گاڭگىراپ قالىدىغان بىر ئومۇمىي ئەھۋالدا، ئۆگىنىشتىكى نېگىزلىك مەسىلىگە قارىتا ئەقىدە، ئېتىقاد سۇسلاپ كەتكەن. مۇھەببەت ۋە ئەقىدىسىز قۇرۇق شوئار پەقەت كوممۇنانىڭ ئۈمچىغىلا ئوخشايدۇ.

ئۇچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجە مەسىلىسىدە
بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى ئىمتىھاندا 90% تىن يۇقىرى ئوقۇ-
غۇچىلار 90دىن يۇقىرى نومۇر ئالىدىكەن، 60 ـ 70 نومۇر ئا-
لىدىغانلار بىر ـ ئىككى نەپەرگىچە ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈلۈپ
قالىدىكەن، 80 نومۇرنىمۇ ئۇلار كۆزگە ئىلمايدىكەن. بۇ ئا-
ساسەن ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال ئىكەن. جىڭخەي قاتارلىق نۇق-
تىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئەھۋال تېخىمۇ ئالاھىدە
بولۇشى تەبىئىي. جىڭخەي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىڭبودىكى
نۇقتىلىق مەكتەپ بولۇپ، بىز بىلەن بىللە بارغان خەنزۇ ئو-
قۇتقۇچىلاردىن ئىككى نەپىرى شۇ مەكتەپكە تەقسىم بولغانە-
دى. جىڭخەي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇ-
لۇشى ۋە يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە ئەۋزەللىكلەر
بار بولۇپ، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن دۆلىتىمىزدىكى
نۇقتىلىق مەكتەپلەرگە ئۆتۈش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى
ئىكەن. مەسىلەن: 2012 ـ يىلدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا
مۇشۇ مەكتەپتىنلا چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا 16 نەپەر ئوقۇغۇ-
چى قوبۇل قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپلەردە يەنە ئوقۇغۇچىلاردىن ئال-
ىنغان ئايلىق ئىمتىھاننىڭ سوئاللىرىنى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى
ئۆزلىرى تەييارلايدىكەن. بىز ئۇلارنىڭ نومۇر ئەھۋالىغا
قاراپ تولىمۇ ھەيران قالدۇق. مەسىلە زادى نەدىدۇ؟ بىزنىڭ
باللىرىمىزدىن پاراللېل يىللىقلاردىن بىر سىنىپتىن ئىككى ـ
ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى ماتېماتىكىدىن 60 نومۇرلار بىلەن
ئۆتۈپ قالسا، سىنىپ مۇدىرلىرى، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى خۇ-
شاللىقىدا شەرەپ كەلتۈرگەن شۇ باللارغا تاس قالدۇ گۈل
تاقاپ قويغىلى. بىزدە بارلىق پەندە لاياقەتلىك بولۇش نىسبە-
تى دەپ رامكا بار، ئۇلاردا ئۇنداق رامكا يوق ئىكەن. بىر سى-
نىپتىن بارلىق پەندە لاياقەتلىك بولغان تۆت ـ بەش نەپەر ئو-
قۇغۇچى شۇ سىنىپنىڭ پەخرى بولۇپ كېرىلىپ يۈرىدۇ. ئۇ با-
لىلارنىڭ كاللىسىدىمۇ 90 نومۇردىن يۇقىرى ئېلىپ لاياقەتلىك
بولۇش دېگەن ئۇقۇم بەكمۇ ئاز. بىز ھەر يىلى سوئالنى ئاپتو-
نوم رايون بويىچە بىر تۇتاش دەپ زاكاز قىلىپ ئەكىلىپلا ئىم-
تىھان ئالىمىز، ئۇ سوئاللار باللىرىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيە-
تى جەريانىدىكى ئىقتىدارى بىلەن ماسلاشماي قالامدۇ ياكى
بىز باللارغا زادى ھېچنېمە بىلدۈرەلمىدۇقمۇ ۋە ياكى بىزنىڭ
باللىرىمىز شۇنچە دۆتمۇ؟... بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟
ئاز ساندىكى «كۆن ئايىنىغا، پۇل مايىنىغا ئۆتتى» دەپ ئىشلەي-
دىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلارمۇ كىمنىڭ
باللىرىنى ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى سەزمىگۈدەك دەرىجىدە ھاما-
قەت، ساپاسىز ئەمەس، باللىرىمىز تېخىمۇ دۆت ئەمەس. بۇ
بىر ياكى بىر قانچە ئادەمنىڭ جايىدا ئولتۇرۇپ چالۋاقىشى،
ئاچچىق يۇتۇشى بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان ئىش
ئەمەس. ساۋاقداشلىرىم ۋە پىكىرداشلىرىمنىڭ ئېيتقىنىغا قارى-
غاندا بۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ ناھىيەمىزدىلا بولۇپ قالماستىن
رايونىمىز مائارىپىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىر ئومۇمىي ھادىسە بولۇ-
شى مۇمكىنكەن. باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ
ئېغىر ئىكەنلىكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. ھازىر پارتىيەمىز
غەربنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىدا مائارىپقا
يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشنى، مىللىي مائارىپنىڭ
سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. كاپالەت-
لىك ئوقۇتۇش مۇھىتىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ ساۋاتسىز-
لىقنىڭ كۆنسايىن كۆپىيىپ بېرىشى ھەر قانچە بىپەرۋا ئوقۇتقۇ-
چىنىمۇ بىر قېتىم زەردە قىلىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن بىز مەك-
تەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى
ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىغاننىڭ ئۈستىگە يەنە تارتىپ ئۆستۈ-
رۈلگەن مايىسلار ئاسانلا نابۇت بولۇپ كېتىشتەك ئەھۋاللار
كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار مائاشىنىڭ تۆتۈلمىگىنىگە خوش،
مەكتەپلەر يېزا بويىچە ياكى ناھىيە بويىچە دەرىجە توختاتقاندا
ئارقىدا چىقىپ قالمىغانغا خوش...

ساھمىيلىك ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل پەزىلىتى. بۇ پەزى-
لەت بىزگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن. بۇ-
گۈنكى كۈنىمىزدە بەزى ناتوغرا ئىللەتلىرىمىز بىخ ئۇرۇپ چى-
قىۋاتقان بولسىمۇ، تومۇرىمىزدا يەنىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنى
بار. شۇڭا ھەر نەرسىگە سەھمىيەتسىزلىك قىلساقمۇ ئىلىم مە-
سىلىسىگە، سەبىي باللىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا تاقىشىدىغان مە-
سىلىلەرگە سەھمىيەتسىزلىك قىلساق، چوقۇمكى، قارا يۈز بو-
لىمىز. بۇنى يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە بۇرۇن، قۇلاق،
كۆزلىرى ماكان ـ زامانغا قاراپ سەزگۈسىنى يوقىتىدىغان مائا-
رىپچىلىرىمىز ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئوبدان ئويلىنىشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن، بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزچە، ئىڭبودىكى مەك-
تەپلەردە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەر قانداق ئىنكاسىغا ئالاھىدە ئې-
تىبار بىلەن قارايدىكەن، جەمئىيەتنىڭ نازارىتىنى ناھايىتى ئەس-
تايىدىل قوبۇل قىلىدىكەن.

يۇرتىمىزدىكى بەزىلەر بىزدىن ئۇ يەردە سىلەرگە دەرس

تەقسىم قىلدىمۇ دەپ سورىدى. بىز پەقەت دەرس ئاڭلاش،
كۆزىتىش بىلەن بولغاندۇق. بىر يېقىن تونۇشۇمنىڭ ئېيتىشى-
چە، بۇ يەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە خېلى يۇقىرى ئۇنۋانى
بولسىمۇ، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ دەرس ئېلىشى ناھايىتى
تەس ئىكەن. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىزگە
ئوخشاش بارغانلارغا دەرس تەقسىم قىلىش مۇمكىنسىز ئىش
ئىكەن. چۈنكى بىر سائەتلىك دەرسكە نىسبەتەن بىرەر ئوقۇ-
غۇچى ئۇنداق ياكى مۇنداق نارازى بوپلا قالسا، ئاتا - ئانىسى
دەرھال نارازىلىق بىلدۈرۈپ كېلىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ نەزە-
رىدە ناھايىتى مۇھىم ئىش ئىكەن. بىز بىلەن بىللە بارغان
خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلاردىنمۇ پەقەت بىر مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى-
غىلا دەرس تەقسىم قىلىنغان. قالغانلارغا بىزگە ئوخشاشلا
دەرس بېرىلمىگەن. دېمەك، ئۇلاردا بالىلارنىڭ ھەر بىر سا-
ئەتلىك دەرسىگە قاتتىق مەسئۇل بولۇش تۇزۇملىشىشتىن ئا-
دەتلىنىشكە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

مەن بۇ ئەھۋاللارنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ مەكتەپلىرىگە
سېلىشتۇرماي تۇرالمىدىم. بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە قاچان
بىزنىڭ گۇرۇپپىغا يېڭى ئوقۇتقۇچى كېلەركىن؟ مېنىڭ
دەرسىم قاچان ئازلاركىن؟ ئورنۇمغا ئىشلەپ تۇرىدىغانغا
ئىش كۆتۈپ تۇرغانلاردىن كىمنى تاپسام بولاركىن؟... دې-
گەندەك ۋەسۋەسە، تەمەلەرمۇ يوق ئەمەس. پىراكتىكا قىلىدى-
غان ئوقۇغۇچىلار كەلسىمۇ تەلەيىنىڭ كەلگىنى، ئۇ پىراكتىكانت-
نىڭ ساپاسى قانچىلىك، دەرسنى قانچىلىك بىلدۈرەلىدى؟...
دېگەندەك ئەندىشىلەر بىزدىن بەكمۇ يىراقتا قالدۇ.

ئەسلىدىنلا مائارىپنىڭ قوينى ئۆزىنى سۆيىدىغانلاردىن
كۆرە جېنىنى بېقىۋېلىشنى ئويلايدىغانلار كۆپىيىپ كەتكەن
بولغاچقا، بالىلارنىڭ سائەتلىك ۋاقتى ئەمەس، كۈنلەپ ۋاقتى
قالسىمۇ، تەكشۈرۈشلەردە دەرھال نومۇر قويۇلىدىغان ئايىغى
چىقماس ئىشلار، جەدۋەل، ئارخىپلار ۋە تازىلىق ئۈچۈن
ھەممە ئادەم بېشى بىلەن يۈگۈرۈيدىغان ھالەت شەكىللىنىپ
قالغان. بۇ ئىشنى خاتا دېيىش ئۈچۈن خېلى جۈرئەت كېرەك.
بىرەر قېتىم ئىچى قايناپ سۆزلەپ سالغانلار قوللاشتىن كۆرە
«تىل يۈگۈرۈكى باشقا، سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭ بولمامدۇ»
دېگەندەك تەشۋىشلىك گەپلەر بىلەن ئوچۇقۇپ كېتىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلار ماتېرىيال ئىزدىگەندە،
مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن خالىغانچە پايدىلىنالايدىكەن ياكى
تور ئارقىلىق لازىملىق ماتېرىيالنى تاپالايدىكەن.

ناھىيەمىزدە ناھىيەلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە مەكتەپ قى-
رائەتخانىسى تورلاشتۇرۇلغان، ئوقۇغۇچىلارغا پەۋقۇلئاددە
ياخشى ئىمكانلار يارىتىلغاندىن سىرت، باشقا مەكتەپلەردە ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ بۇ خىل ئىمكانىيىتىنى ياخشى دەپ كەتكىلى
بولمايدۇ. شەھەر مەكتەپلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى شارائىتلىرى
يامان ئەمەس بولسىمۇ، يېزا - كەنت مەكتەپلىرىدە نامىدىكى
قىرائەتخانىلارنى يەنىلا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن
ساقلاپ، كىتابلار ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بەت ئۆرۈلمەي ئۆتۈپ
كېتىدىغان ئەھۋاللار يوق ئەمەس.

ئالتىنچىدىن، نىڭبودا بىز تۇرغان مەكتەپتە يىغىن ئېچىل-
غانىنى كۆرمىدىم. بىر قېتىم بىزنى تونۇشتۇرۇش ۋە بىر قىسىم
ئوقۇتقۇچىلارنى سىرتقا ساياھەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇناسى-
ۋىتى بىلەن يىغىن ئاچقىنى ئېسىمدە. باشقا چاغلاردا ئوقۇتقۇ-
چىلارنىڭ يىغىلغانلىقىنىمۇ ئۇچراتمىدۇق. ئاشۇ بىز كۆرگەن
يىغىنمۇ، ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى بولغان ئىككى ئىشقا مۇناسى-
ۋەتلىك ئىككى رەھبەر ۋە شۇ يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇ-
چىلار چىقىپ، زۆرۈر گەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى دەپ يىغىن-
نى 29 مىنۇتتىلا ئاخىرلاشتۇردى. بىز تۇرغان مەكتەپتىلا شۇن-
داقمىكىن دەپ ئويلىساق، باشقا مەكتەپتىمۇ شۇنداق ئىكەن.
مۇھىم ئىشلار ۋە ئۇقتۇرۇشلار مەكتەپ تورىغىلا چىقىرىلىدى-
كەن. ئوقۇتقۇچىلار شۇنىڭغا ئاساسەن نورمال خىزمەتنى يۈ-
رۈشتۈرىدىكەن. بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە ئەتىگەندە بىر
ۋاخلىق، كەچتە بىر ۋاخلىق يىغىن ئېچىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا بە-
زىدە ئىدارىنىڭ قەرەلسىز ئۇقتۇرۇشلىرى بىلەن گىمناستىكا
ۋاقتىدا ئېچىش زۆرۈر بولغان يىغىن، كېيىنكى سائەتنىڭ يېرى-
مىغىچە داۋاملىشىدۇ. ھەر خىل ئىشلار بىلەن يۇقىرىدىن تەك-
شۈرۈشكە كەلگەندە ئوخشاشلار دەرسنى بالىلارغا تاشلاپ
قويۇپ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىشقا توغرا كېلىدۇ.
خۇددى ھەممە ئادەملەرنى چىدىغۇسىز بىر ئىش ئالدىرىتىۋات-
قاندەك، شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئىش ئاشۇنداق يىغىنلار تۈپەيلى
ۋۇجۇدقا چىقماقچىدەك. مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا
دەرسى بار، دەرس ئالغان مۇدىر بىر سائەت دەرسنى خاتىر-
جەم ئۆتەلمەيدۇ، چۈنكى ھېلى ئىدارىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەر-
گە مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرى، ھېلى ناھىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك
ئورۇنلارغا ئالاقىدار يىغىنلىرى، ئاشۇ يىغىنلارنىڭ روھى
مەكتەپ مۇدىرىدىن ئوقۇتقۇچىلارغا، ئوقۇتقۇچىلاردىن بالى-
لارغا يەتكىچە بالىلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان

نۇرغۇن ۋاقىتلار تۇيدۇرمايلا يېنىمىزدىن كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر ئۆتۈپ بالىلىرىمىزنىڭ بەگباشلىشىپ كەتكەنلىكىنى، دەرسنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى ۋە باشقا يېتەرسىزلىكلەرنى بايقايمىز. لېكىن سەۋەبىنى ھېس قىلىپ بولالمايمىز. چۈنكى ئۇلاردىكى ئىللەت باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ، خۇددى ئۆسمىدەك. شۇڭا تەرەققىيات جەريانىنى بىلمەيمىز پەقەت كۆز ئۆڭىمىزدە ئايان بولغاندىلا ئاندىن چۆچۈپ تەدبىر قوللىنىشقا باشلايمىز. لېكىن ئۇ چاغدىكى تەدبىرلىرىمىز كۆپىنچە كارغا كەلمەيدۇ.

مائارىپ ھەققىدىكى سېلىشتۇرمىلار ھە دېگەندە ئادەمنى غەش قىلىپ قوياتتى. بىز نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىمىزنى ھارغىچە ئەيىبلىدۇق، مەتبۇئات ئورۇنلىرىمۇ جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ جەمئىيىتىمىز ۋە مائارىپىمىز ھەققىدىكى قاراشلىرىنى، چەت ئەللەرنى كۆرگەندىن كېيىنكى سېلىشتۇرما تەسىراتلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ ھەر بىر ئادەمنى ئۆزىمىز ۋە مائارىپىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا يېتەكلىدى. تەكرار كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئاچقۇچى نەدە؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى كۆپىنچە ھالدا ئوقۇتقۇچىغا كېلىپ توختاپ قالدى. مېنىڭچە، گۇناھنى ئالدىنقى سەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارغا دۆڭگەپ قويۇش بىلەنلا ئىش تۈگىمەسە كېرەك. ئالدى بىلەن مائارىپ مەسىلىسى ئومۇمىي جەمئىيەتنىڭ مەسىلىسى، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ مەسىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى يۇقىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ئەستايىدىل ئويلىنىش كېرەك. ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «ئىككى ئاساسەن»نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭىلانغان، تولۇقلانغان قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى بۈگۈنكى دەۋردىكى تەرەققىياتنىڭ تەلىپىدىن يەنىلا يىراقتا، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلدىن-يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتقان، مائارىپ مەبلىغىنى ئاشۇرۇش ئىزچىل تەكىتلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى قانچىلىك؟ پايدىلىنىش ئۈنۈمى قانچىلىك بولۇۋاتىدۇ؟ يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئەمەلىيلەشتىمۇ يوق؟ يۇقىرىقىلار سىياسەت بويىچە جايىدا ئەمەلىيلەشكەن بولسا، مەسىلە يەنە نەدە قالدى؟... مۇشۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنى چوقۇم ئەستايىدىل ئويلىنىش كېرەك. بۇ پىكىر ھەرگىزمۇ ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى كۆرۈپلا رايونىمىزنىڭ مائارىپىغا گۇمان بىلەن قارىغانلىقتىن، ئۆزىمىز قىلىپ كەلگەن بارلىق خىزمەتلىرىنى يوققا چىقىرىش نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان ئەمەس، بەلكى بىر تۈزۈم، بىر خىل قانۇن، بىر خىل سىياسەت ئاستىدا پەرقلىنىپ بېرىۋاتقان جايلارنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى پەرقلەرگە قاراپ تۇغۇلغان ئويلىرىمدىن پارچىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تولۇق تەربىيەلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىش كېرەك. بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا قول ئىشلىتىپ تۇرۇپ، مۇشتۇمنى تۈگۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان ئىشى يىلسايىن كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ نورمال ھالدا ئوقۇتقۇچىلاردىكى سەۋەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان مەسىلە ئەمەس. يەنە ئوقۇتقۇچىلارغا يارىتىپ بېرىلىۋاتقان تولۇق تەربىيەلىنىش پۇرسىتى قانداقتۇر ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت تۈسىنى ئالغان بولماستىن، ئوقۇتقۇچىلار ئىنتىلىپ تۇرۇپ بارىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرتىلسە، ئۈنۈمدە روشەن پەرق بولىدۇ. قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۈركۈملەپ سەپلىنىۋاتقان ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىگە ماسلىشالايدىغان يەنە بىر تۈركۈم ئۈنۈۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى بىلەن يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشىنىڭ ماس قەدەمدە مائارىپ ئۈچۈن بەجانىدىل خىزمەت قىلىش سۈپىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈش ئەمەس، ئەكسىچە رول ئويناۋاتقان ئۇنۋان مەسىلىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. مائارىپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە 20 يىل، ھەتتا 30 يىل جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن، خەلقنىڭ قەلبىدە ئاللىقاچان بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىپ بولغان ئوقۇتقۇچىلار تولۇق سەۋەبلەر بىلەن ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپكە نائىل بولالماي ئىلاجسىز پېنسىيەگە چىقىپ كېتىدۇ. 20 يىللىق ئۇستاژغا ئىگە تۇرۇپ تېخىچە 1-دەرىجىلىك ئۇنۋانىنىمۇ ئالالمايۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئاز بولمىسا كېرەك. مەن ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا بىللە كومىسسىيە بولىدىغان خەنزۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ۋە ئىچكىرىگە بىللە بارغان خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم، ئۇنۋان ئېلىش مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىق مىللىي مەكتەپلىرىمىزدە ئېغىرراق ئىكەن. مېنىڭ-

چە، قاچان ئۇقۇتۇش ۋە ئۇقۇتقۇچى ماﺋارىپىمىزدا يادرو سۇ-
پىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدىكەن، ماﺋارىپ مەسئۇللىرى ۋە مۇدىر-
لارنىڭ باشقۇرۇش سەنئىتىدىكى قاتماللىق تۈگەپ، تەنقىد
بىلەن تەقدىر ئادىللىقتا يۈز ئاچىدىكەن، ئەھۋال ھازىرقىدىن
كۆپ يەڭگىللەيدۇ.

مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «كىمگە ئېيتاي دەردىم-
نى» دەپ زەردە گۆش بولۇشقان بىر قانچە مەكتەپتىكى تو-
نۇشلىرىم بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئەنە شۇنداق ئويلىدىم.
ئەلۋەتتە بۇ ئوي ھەرگىز بىردەملىك ھاياجان ۋە قىزغىنلىقنىڭ
مەھسۇلى ئەمەس ئىدى.

## مەن تاپقان بايلىق

مەن نىڭبودا ئۈچ ئاي تۇرۇپ قايتىپ كەلگىلىمۇ خېلى
كۈنلەر بولۇپ قالدى. مەيلى خىزمەت ئورنۇمدا بولاي ياكى
كوچىلاردا كېتىۋاتقان بولاي ۋە ياكى تۈرلۈك ئاممىۋى سو-
رۇنلاردا بولاي ئەتراپىمدىكى مۇھىت ماڭا باشقىچە يېقىملىق
تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغاندى. ئۆزۈمچە كەڭ، ئازادە يول-
لارنى، ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارنى، قايناق بازارلىرىمىزنى ئىچ-
كىرى ئۆلكىلەردىكى ئۆزۈم كۆرگەن جايلار ۋە ئۇ يەرلەر-
دىكى مۇھىت بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ خىل
سېلىشتۇرۇش كۆپىنچە قانائەت ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى بىلەن
يەكۈنلىنەتتى.

ھېلىمۇ بىز 1990 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۆزد-
مىز ھەققىدە كۆپ ئويلاندۇق، ئۆزىمىزگە ئىچكىرىلەپ كى-
رىشكە تىرىشتۇق. نۇرغۇن يەرلىرىمىز، ئادەتلىرىمىز كۆزد-
مىزگە سەت كۆرۈندى، باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقى-
لىق تېپىپ چىققان ئىللەتلىرىمىزنى ھارغۇچە قامچىلىدۇق.
توغرا، «ئىللەت تۈزەلمىگۈچە مىللەت تۈزەلمەس» بىز كال-
لىمىزنى سىلكىپ - سىلكىپ بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ماھىيىتى، نۆ-
ۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان خىرىس ۋە كىرىزىسلار ھەققىدە ئوي-
لىغانچە، ئۆز - ئۆزىمىزدىن ئەنسىرەپ جىددىيلىشىشكە، گاڭ-
گىراشقا باشلىدۇق. ئاشۇنداق گاڭگىراشلار ئىچىدە بىز قارا
قويۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدۇق، ئۇ نەرسىلەر-
نىڭ رەڭدارلىقى بىزدىكى تۈرلۈك سەزگۈلەرنى ئاستا - ئاستا
ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. رەڭ، تەم، پۇراق سەزگۈسى بولمى-
غان ئادەم قانداق بولۇشى مۇمكىن؟ ۋاقىت ۋە تەرەققىيات
بىزگە ئەكىلىپ بەرگەن نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئورنى-
غا تېخىمۇ ئېسىل ئەنگۈشتەرلىرىمىزنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ
كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ئىللەتلىرىمىزنىڭ ئورنىنى
يېڭى - يېڭى زامانىۋى ئىللەتلەر ئىگىلىدى ياكى بۇ يېڭى
ئىللەتلىرىمىز ئەسلىدىكى نۇقسانلىرىمىز بىلەن بىللە تۇرۇپ
تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئاز
ساندىكى باللىرىمىزدا ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن نومۇس قى-
لىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. يېقىندا كىچىك ۋاقىتلىرىم-
دىكى خاتىرىلەرنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ تولۇقسىز 3 - يىللىقتا
يازغان «ئەسەر»لىرىم قاتارىدىكى «يامان بولىدۇ» دېگەن
ھېكايەمنى كۆردۈم. 30غا يېقىن «يامان بولىدۇ»غا بولغان
نەپرىتىم چېكىگە يەتكەن بۇ ھېكايە شۇ ۋاقىتتىكى مەن قا-
تارلىق باللار قوبۇل قىلغان تەربىيەنىڭ نەتىجىسى ئىدى.
ھازىر قارىسام «يامان بولىدۇ» دېگەن تۇتىيادەك سۆزلىرد-
مىزنى دەپ بېرەلەيدىغان بوۋا - مومىلىرىمىزمۇ ئاز قاپتۇ.
ئەخلاق، پەلسەپە، تېبابەت، ئىنسانشۇناسلىق، ھالاللىق، ئىق-
تىساد ئېڭى، مۇھىت ئېڭى مەركەز قىلىنغان ئاشۇ تەۋەرۈك
«يامان بولىدۇ»لىرىمىز ئەسلى ئەجدالىرىمىزنىڭ تالاي ئە-
سىرلىك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخى جەريانى-
دا يەكۈنلىگەن ئەقىل - پاراسەتلىرىنىڭ جەۋھىرى ئىدى.
ئەلۋەتتە، ياڭاق چاققاندا مېغىزىغا ئانچە - مۇنچە شاكالنىڭ
پارچىلىرى ئارىلىشىپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ يوق ئەمەس. شۇ-
نىڭغا ئوخشاش زامان، ماكان ھالقىغان بەزى ھېكمەتلىرىمىز-
نىڭ دەۋرگە ماس كەلمەيدىغان تەرەپلىرىنىمۇ يوق دېگىلى
بولمايدۇ.

مېنىڭچە، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئىزدەش سەپىرىمىز
ئۇنداق ئاسان ئاياغلاشمايدۇ، بىز ئۆزىمىزنى يېتەرلىك قام-
چىلىدۇق، ئەمدى ئۆزىمىزنى تەقدىرلەيدىغان كۈنلەرمۇ
كەلدى. ئاز كەم 25 يىل ئۆزىمىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن
تەنقىدلەپتىمىز، يەنە شۇنداق 25 يىل سەۋر بىلەن ئۆزىمىز-
نى ماختاپ باقايلى، ئۆز - ئۆزىمىزنى مۇكاتلاپ باقايلى،
روھىمىزغا كۈلكە بېرەيلى. چوقۇم ئويلىمىغان نەتىجىلەرگە
ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. قېنى بىرلىكتە ئويلاپ باقايلى، مېھماند-
دارچىلىق، داستىخان مەدەنىيىتىگە تەۋە ئېسىل تەرەپلىرد-
مىزنى «يوتقانغا بېقىپ پۇتىمىزنى سۇنىمدۇق»، «ھالىمىزغا
بېقىپ ئىش قىلمىدۇق» دەپ ئەيىبلەپ بۇ «ئىللەت»لىرد-
مىزنى تۈزەتمەكچى بولدۇق. ھەتتا تىرىشىپمۇ كۆردۇق. ئە-
زەلدىن مېھمانغا كاتتا ئىلتىپات كۆرسىتىپ كۆنگەن، مېھمان
ئۈچۈن ئۆيىنىڭ بىر خانىسى ھامان جابدۇقلۇق تۇرىدىغان

ئەلنىڭ قەلبىدىكى ئاق كۆكۈللۈكنى قانداقمۇ ئۆچۈرۈۋەتكە-
لى بولسۇن. لېكىن مېھمانغا يېپىلمايدىغان كۆكۈل ئىشكلىرى-
مىز بىر ـ بىرىمىزگە يېپىلىشقا باشلىدى. بىغەملىك ۋە بىپەر-
ۋالىقنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى يامان ئاقىۋىتى ھەققىدە ئەلەم
بىلەن سۆزلەشلىرىمىز پەقەت بىر قېرىندا ياتقان قېرىنداشلار-
غا گۇمان ۋە ھەسەت ئىچىدە قاراش بىلەن نەتىجىلەندى.
يەنە قاراپ باقايلى، يول بويلىرىدا ياكى ئاۋات بازارلارنىڭ
بىرەر بۇلۇڭىدا داق يەردە ئولتۇرۇپلا هارماي ـ تالماي
قارتا ئوينايدىغان، كۆزلۈك ھوسۇلنى يىغىپ بولۇپلا نەق
پۇلنى چۆنتىكىگە سېلىپ نەچچە كۈنگىچە ھەر خىل نامدىكى
«يېمەك ـ ئىچمەك دۇكانلىرى»دا ياكى قىمار سورۇنلىرىدا
شەھەر سورايدىغان ئەرلەرگە، ئۇلار ھەققىدە قانچىلىك
سۆزلىگەندىمىز، يازغاندىمىز، ئوقۇغاندىمىز؟ بىز ئۇلار
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى جاپاكەش ئاياللار، نارەس-
ىدە باللار ئۈچۈن قانچە پىغان چەككەنچە، ئۇلارنىڭ قوشۇ-
نى شۇنچە ئاۋۇپ باردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھۆكۈ-
مەتنىڭ ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش مەقسىتىدە
ۋۆەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىنى تارقىتىشى يەنە بىر تۈركۈم
بوشالڭ، تەييارغا ھەييار كىشىلەر توپىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقاردى. بىزنىڭ «غۇرۇرۇڭ قېنى ئەي ئادەم؟»
دېگەن سوئالىمىزغا ھازىر ئۇلارنىڭ جاۋابى تەييار: «غۇ-
رۇرنى يېگىلى بولامدۇ؟» ئەجەبا، بىزدە باشقىلارنىڭ قولىغا
قاراپ بويۇن قىسىدىغان، داستىخىنىغا قول سوزۇپ كۆزىنى
يۇمۇۋالىدىغان ئادەتلەر بارمىتى؟ بىز بۇ ھەقتىمۇ تالاي قې-
تىملاپ دېدۇق. مەن ئويلاپ قالدىم. ئەمدى دېمەيلى،
چۈنكى بىزنىڭ ئۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قەغەزدە ياكى
تىلىمىزنىڭ ئۇچىدا قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يا بىز ھېچ
نەرسىنى ئاڭلىتالمىدۇق ياكى ئۇلارنىڭ سەزگۈسى تەنقىدكە
كۆنۈپ قالغان. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭمۇ قايغۇ ـ ھەسرىتى، ئىچ ـ
پۇشۇقى، ئارزۇ ـ ئارمىنى بار.

يەنە بار، بىز مەكتەپلىرىمىزدىن ئاغرىندۇق، نەزەرد-
مىزدە مىللىي مائارىپىمىز ھەتتا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ
كەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەر ئىچىدە ئۆتتۈۋاتقان سائەتلىرى-
دىن كۆرە بىز ئۇلار سادىر قىلىپ قويغان سەۋەنلىكلەرگە
بەكرەك قادىلىۋالدۇق. باللاردىكى تۈرلۈك ئىللەتلەرنى بىر
تەرەپلىمە ھالدا مەكتەپكە، ئوقۇتقۇچىلارغا ئىتتىرىپ قويۇپ،
ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، ھۆرمەت ـ ئېتىبارىنى قوغ-
داشقا سەل قارىدۇق. نەتىجىدە، ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس،
ئاتا ـ ئانىلارمۇ قورقماي تۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلارغا مۇشت ئا-
تىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ تەرەپكە قارىسا باللىقىدىن
ۋاقىتسىز خوشلىشىۋاتقان، كىچىك تۇرۇپلا تۈرلۈك «خانى-
لار»غا ئۆگىنىپ قېلىۋاتقان باللار؛ ئۇ تەرەپكە قارىسا،
ئاشۇ باللارنىڭ قەلبىدىكى مۇزنى ئېرىتەلمەي سەكپارە بو-
لۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار، ئاتا ـ ئانىلار... يەنە بىز ئويلايدى-
غان، ئەسلەيدىغان، نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلىشاق بولمايدى-
غان مەسىلىلەر نۇرغۇن. ئېھتىمال، مەن تاسادىپىي پۇرسەت-
لەردە رايونىمىز ئىچىدىكى نۇرغۇن جايلارنى ۋە ئىچكىرى
ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنى كۆرمىگەن بولسام،
يەنە ئۇزاققىچە ئاشۇنداق بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە ئۆزد-
مىزگە بولغان تەنقىد بىلەن چۈشكۈنلۈككە ئەسىر بولۇپ
ئۆتكەن بولار ئىدىم. مانا ھازىر مەن ماڭا سۈت بەرگەن،
مېنى ئەزىزلىگەن بۇ ئەزىز تۇپراققا، ئەل ئاۋامغا قارىغانچە
ئۇلاردىكى ئىللەتلەرنى ئەمەس، ئەزەلدىن بايقىمىغان
گۈزەل تەرەپلەرنى، ئېسىل خىسلەتلەرنى بايقاۋاتىمەن. ھېچ
بولمىغاندا بىرەر ئورۇنلۇق باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن «ئىل-
لەت»لەرنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى توختىماي ماختاۋاتىمەن.
مەن ماختىغانچە ھەممە شۇنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.
لېكىن قەلبىم ئۈمىدسىزلىكتىن، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلغان بول-
سىمۇ، ئورنىنى تولدۇرغۇسىز يوقىتىشلىرىمىزنىڭ ۋەجى ھەق-
قىدىكى ئويلار مېنى ئارام تاپقۇزمايۋاتىدۇ. چۈنكى بىز ھادى-
سۋى نەرسىلىرىمىزنى، زاھىرەن ھالەتلىرىمىزنىلا ئەمەس،
ئەڭ مۇھىمى مەنىۋىيىتىمىزگە تىرەك بولۇپ كەلگەن ئەقىدى-
مىزنى، ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپتىمىز. ئىشەنچ بولمىغان ئادەم-
نى قانداقمۇ ئىسسىق قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان ئادەم دېگىلى
بولسۇن !؟ ئۆزىگە بولغان مۇۋاپىق يوسۇندىكى تەنقىدنىڭ
بولۇشى شۇ ئادەم ياكى ئىجتىمائىي توپنى مۇكەممەللىككە
باشلاپ ماڭىدۇ. لېكىن چەكتىن ئاشقان تەنقىد ۋە بىر تەرەپ-
لىمىلىك ئىشەنچ يىلتىزىنى تۈپىدۇرماستىن قۇرۇتۇپ تاشلاي-
دۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئۆزىگە بولغان ئىشەنچتىن
مەھرۇم قالىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەم قانداقمۇ ئۆزىنى
ئۆستۈرگەن ئەزىز تۇپراققا، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئەل ـ
ئاۋامغا، ئۆزى بىلەن قاياش بولغان قوۋم ـ قېرىنداش،
دوست ـ يارەنلىرىگە ئىشىنەلىسۇن؟!... بۇنى ئىجتىمائىي
توپ نۇقتىسىغا كۆتۈرۈپ ئويلاشتىن قورقتۇم.

كونىلاردا « بىر ئادەمنى يامان دەۋەرسەڭ كۈندە بىر
چىشلەم گۆشى يامان بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىكەن-
تۇق. مۇشۇنداق ئېسىل يەكۈننى قالدۇرغان ئاتا- بوۋىلىرى-
مىزنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىدىن گۇمانلىنىش ھاماقەتلىك ئە-
مەسمۇ؟ ئەجەبا ھەرقانداق ئورۇن ۋە ئادەمگە ئىشلەتسە تا-
قاشماي ماس كېلىۋېرىدىغان بۇ يەكۈننى ئۇنتۇپ قالغاندى-
مىزمۇ؟ مەن مائارىپ ئەمەلىيىتىمدە، ئائىلەمدە بۇنىڭدىن
قانچىلىك پايدىلاندىم؟ ئۆزۈمگە قانچىلىك ئىشلەتتىم.
خىزمەت، ئائىلە ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئارى-
سىدا بۇرۇختۇرمىلىق ۋە سىقىلىش بىلەن ئۆتكەن ھاياتىمغا
نەزەر سالسام، ئۆزۈمدىن سۆيۈنگەن، ئۆزۈمدىن رازى
بولغان، ئۆزۈمگە ئەركىنلىك بەرگەن ۋاقتىم بەكمۇ ئاز،
ھەتتا يوق دېيەرلىك ئىكەن. بىردىنلا جېنىمنىڭ چىڭقىلىقىغا،
ھازىرغىچە ھايات تۇرغىنىمغا ھەيران قالدىم. ئاپام كىچىكىم-
دە دائىم مېنى «پەيگە ئوخشايدىغان قىزىم» دەيدىغان. ئا-
شۇنداق مەندىن ئۆتە «پەيدەك قىزلار»، قىسقىغىنە ھاياتىدا
نەچچە ئەسىر ياشىغاندەك تەسىراتلارغا ئىگە بولۇپ كەتكەن
ئادەملەر ئەتراپىمدا ئاز بولمىسا كېرەك. ئۇلارمۇ ماڭا
ئوخشاش ئويلىغانمىدۇ؟ ئۆزىنى كاچاتلاپ ئولتۇرغان دەملە-
رىدە ئۆزىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ياخشى تەرەپلەر-
نىڭ بارلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ باققانمىدۇ؟

نۇرغۇن ئادەملەر مەلۇم ئىشلاردىن قاتتىق ئاغرىنغاندا
ئەتراپىدىكىلەردىن، بولۇپمۇ يېقىنلىرىدىن بىراقلا بىزار
بولۇپ، بۇ دۇنيانى قاراڭغۇ جاڭگالغا ئوخشىتىدۇ، ھاياتتىن
ئۈمىدسىزلىنىدۇ. «ھېچكىمگە ئىشەنمەيمەن» دەپ تەكرار
قەسەم ئىچىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاغ-
رىتقان ئادەمگە بولغان ئىشەنچىنىڭ بۇرۇنلا يىمىرىلىپ بول-
غانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. «ئاقىل ئۆزىدىن ئاغرىنىدۇ، نادان
ئۆزگىدىن» دېگەن ھېكمىتىمىز قانداق ئېسىل- ھە! بىز توم-
توم كىتاب بولغىدەك ھېكمەتلىرىمىزنى توپا ئارىسىغا تۆكۈ-
ۋېتىپ، توختىماي باشقىلارنىڭ قامۇسلىرىدىن ئۆزىمىزگە
ئەندىزە ئىزدەپ كەپتىمىز. دەۋر بىزدىن ئەقىل بىلەن يا-
شاشنى كۈتۈۋاتىدۇ. قازىنىمىزدىكى ئاشنىڭ تەملىك بولماي
قېلىشىنى ياكى چېلىكىمىزنىڭ ئاقىدىغان بولۇپ قېلىشىنى قان-
داقمۇ باشقىلاردىن كۆرگىلى بولسۇن!؟ ئۇنداقتا ئۆزىمىزدىن
ئاغرىنىمىزمۇ؟ ئەمدى ئاغرىنمايلى! «ئېشەكمۇ بىر قېتىم
پۇتى كىرگەن كۆۋرۈككە ئىككىنچى دەسسىمەيدۇ» دەپ تۇ-
رۇپمۇ ئۆزىمىزنى جىق ئەيىبلىدۇق. ئەيىبلىگەنسېرى ئىشەنچ
ۋە جاسارىتىمىز شۇنچە كېمىيىپ باردى. بىز يەنىلا ئۆزىمىز-
گە پۇرسەت بېرەيلى! ئۆزىمىزگە ئىشىنەيلى! ئۆزىمىزنىڭكى-
گە ئىشىنەيلى!

«مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇپ كېلىۋاتقان تۆت
بۈيۈك تاج ئۈستىگە بۈگۈن ‹ئۇيغۇر خەلقى دۇنيا جىننىس
رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ› دېگەن بەشىنچى تاج يەنە بې-
شىمىزغا كىيدۈرۈلدى. بىز بۈگۈن چەكسىز شان- شەرەپكە
مۇيەسسەر بولدۇق، ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتقان بەش
تاجنىڭ بىرسى ــ مەھمۇد كاشغەرىي يازغان ‹تۈركىي تىللار
دىۋانى›. بۇ دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تىل لۇ-
غىتىنى تۈزمىگەن ۋاقىتتا تۈنجى بولۇپ تونۇلغان مىللەت؛
ئىككىنچىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان ‹قۇتادغۇبىلىك›
داستانى. ھېچقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى ۋە باشقا
بىلىم دۇردانىلىرىنى ‹قۇتادغۇبىلىگ›كە ئوخشاش مۇجەسسەم-
لەپ دۇنياغا تونۇتالىغان ئەمەس؛ ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇر
كىلاسسىك ئەدەبىياتى. بۇ دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئەدەبى-
يات؛ تۆتىنچىسى، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دىن ئىبا-
رەت بۇ كىلاسسىك خەزىنە ئۇيغۇر خەلقىنى جاھانغا تونۇ-
تۇپ كەلگەندى. ئەمدى ئادىلجان جىننىس رېكورتىنى
بۇزۇپ دارۋازلىق سەنئىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇپ، بىزنى بە-
شىنچى تاج بىلەن تارتۇقلىدى. جىننىس رېكورتى، بۇ ئالەم-
شۇمۇل نەتىجە! ئادىلجاننىڭ باتۇرلۇقى بەدىلىگە پۈتكۈل
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ خەتەرلىك تۈرلەر بويىچە دۇنيا
جىننىس رېكورتى قامۇسىغا كىرەلمەسلىك تارىخىغا خاتىمە بې-
رىلدى. ئادىلجان بىز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى
پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانى، ئۇ جۇڭخۇا مىل-
لەتلىرىنىڭ غۇرۇرى- ئىپتىخارى!» مەرھۇم شائىرىمىز
باتۇر روزىنىڭ ئادىل ھوشۇر ھەققىدە يازغان «يا ئۆلۈم يا
كۆرۈم...» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدا يېزىلغان بېيجىڭدى-
كى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە بىر پېشقەدەم رەھبەرنىڭ ئىپتى-
خار ۋە چەكسىز ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ھەر
قېتىم ئوقۇسام بىر قېتىم غەيرەتكە تولىمەن. پەلەك شاھى
ئادىل ھوشۇر دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتقان شۇ دەملەر-
دە قانچىلىغان كۆزلەردىن خۇشاللىق ياشلىرى ئاقمىدى؟
شۇنىڭدىن بۇيان تەنتەربىيە ۋە ئىلىم- پەننىڭ ھەرقايسى
ساھەلىرىدە، كارخانىچىلىق ساھەلىرىدە نەچچە قېتىملاپ

جېنىس رېكورتى يارىتىلدى، تارىخ بېتىگە يېزىلغۇدەك شانلىق نەتىجىلەر بىزنى ھاياجانغا سالدى، قانچىلىغان ئەزىزمەتلىرىمىز ئۆزىگە، ۋەتىنىگە، خەلقىگە بولغان ئىشەنچىنى يۈرىكىگە مەھكەم تېڭىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى...

ھەرقانداق بىر مۇكەممەل دەپ قارالغان جەمئىيەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قاراڭغۇ تەرەپلىرى، ئېگىز - پەس كوچىلىرى بولىدۇ ھەم بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۆزدىمىزگە بىر قاراڭغۇلۇق سايە تاشلىغاندا، ئۈمىدسىزلەنمەي تۇرۇپ، يورۇق تەرەپلەرگىمۇ دىققىتىمىزنى بۇرايلى!

**خاتىمە**

مەن نىڭبودىكى ئۈچ ئايلىق تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدە ئۆزۈم كۆرەلىگەن شەھەرلەر ۋە ئالدىنقى يىلدىكى «چېڭدو سەپىرى»دە كۆرگەن جايلار، رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئۆزۈم ئارىلاپ چىققان يۇرت - مەھەللىلەردىن ئالغان تەسىراتلىرىم، شۇنداقلا ئىلىم شۇڭقارلىرىنىڭ ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش جەريانىدا يېزىپ كىتابخانلارغا سۇنغان خاتىرىلەرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىر يازغۇچىنىڭ «ئۆزىمىزگە مەپتۇن بولۇپ كەتمەيلى» دېگەن سۆزىنى «ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىش خەتەرلىك، لېكىن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچتىن ئايرىلىپ قېلىش، ئۆزىنى كەمسىتىش تېخىمۇ خەتەرلىك» دەپ ئۆزگەرتىپ خاتىرەمگە يېزىۋالدىم. بىر ئەدىبنىڭ شۇنداق دېگىنى ئېسىمدە: «مەن خەلقىمگە چىلىنىپ ياشىسام دەيمەن» بۇ سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى ئانچە يەڭگىل بولمىسا كېرەك. مېنى ئويغا سېلىپ كەلگەن بۇ سۆز نىڭبودىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنى ئادەملەر مىغىلداپ تۇرىدىغان رەستىلەرگە، قايناق بازارلارغا، ھەتتا راست - يالغان تىلەمچىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. چۈنكى مەن نەچچە ئاي جەريانىدا ماڭا ئوخشاش ئويلايدىغان، ماڭا ئوخشاش سۆزلەيدىغان، ماڭا ئوخشاش ئۇخلايدىغان ئادەملەرنى سېغىنغانىدىم. دېگەندەك ئادەملەر ماڭا بارغانسېرى يېقىملىق تۇيۇلغان بولدى، «مەن ئاشۇ توپنىڭ ئىچىدە، ئاسمانغا چىقىپ كەتسەممۇ ياكى پايتىمام سۆرىلىپ قالسىمۇ مەن يەنىلا مۇشۇ رەستىگە، مۇشۇ بازارغا، مۇشۇ ئادەملەرگە مەنسۇپ» دەپ پات - پات ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بولدۇم. ھە دېسىلا ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىچىمنى ئاچچىق قىلىپ كەلگەن ئويۇنخۇمارلىقنىڭ نىسبىتى ئىلىمخۇمارلىقتىن تۆۋەن تۇرىدىغان بولدى دېگەن ياخشى خەۋەرلەرگە كۆرە تەتىلدە بەش نەپەر ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئاسپىرانتلىققا ئوقۇش ئۈچۈن جان تىكىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋىرى ماڭا تېخىمۇ زور ئۈمىد ئاتا قىلغانىدى. ئىشەنچ، ئەقىدە قانداق ياخشى - ھە! ئىنسانغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئوزۇق بولمىسا كېرەك. ئەخەت تۇردى ئاكىمىز «سەرسان روھ»نى يېزىپ بولغۇچە پېرسوناژلىرى بىلەن قانچە قېتىملاپ سۆزلەشكەن بولغىيتتى؟ قانچە قېتىملاپ روھ چۆلىدە سەرسان بولغان بولغىيتتى - ھە! مەن يۇرت سېغىنچى دىلىمنى ئەزگەن شۇ كۈنلەردە ئىلىم ئۈچۈن چەت ئەللەردە، ياقا - يۇرتلاردا، كېمىر ئۆيلەردە ھەممىدىن ۋاز كېچىپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىزدىنىۋاتقانلارغا غايىۋانە ھۆرمەت بىلدۈردۈم. ئۇلارغا بارىكاللا ئېيتتىم.

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن، مېنىڭ بۇ خاتىرەمنى كۆرۈپ قالسىڭىز، باش قىسمىدىكى سېلىشتۇرمىلار ۋە رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىكى ھەققىدىكى خام - خىياللىرىمنى ئاخىرىدىكى تۈگەنچىسىگە سېلىشتۇرۇپ، گەپ بىر يەردە بولماي قالغاندەك ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. مەن قۇربىمنىڭ يېتىشىچە ئېلىپ بارغان كۆزىتىشلىرىم، سېلىشتۇرمىلىرىم ۋە ئەركىن خاتىرىلىرىم ئارقىلىقلا ئۆزىمىزدە ھەممە نەرسىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۆزىمىزگە ھەم بىر - بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچ ۋە سەممىيەتنىڭ تولىمۇ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولدۇم. ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرىنى قەدىرلەشنىڭ مۇھىمنىڭ مۇھىمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلار مەنلا بولمىسام كېرەك. شۇڭا باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە بۇ چالا خاتىرەمنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇم.

قېنى دوستلار، قولۇمنى سىلەرگە سۇندۇم. ئۆزىمىزنى قانچىلىك ئەلەم بىلەن تەنقىدلەپ كەلگەن بولساق، يەنە شۇنچىلىك سەۋر بىلەن سۆيۈنۈپ، ماختاپ باقايلى! چاپىقنى ئالىمەن دەپ يارىلانغان كۆزلەر داۋا تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

2013 - يىل مارت ئايلىرى

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى.

# ئەتراپىمىزدىكى ئەدىبلەر



يازغۇچى **يۇلتۇز ئابدۇللا**



مالايشىيا ئەدەبىياتىدا چاقنىغان ئۇيغۇر يازغۇچى يۇلتۇز خانىمغا ئاتاقلىق تىلشۇناس، پىروفېسسور ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر ئەپەندى هۆسنخەت تەقدىم قىلماقتا.

**ئەركىن قادىر فوتوسى**




كارىز:

زېمىننىڭ چوڭقۇر

قاتلىمىدىكى ھەر بىر تامچەم

مېھنەتكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ قان-

تەرى بىلەن قوشۇلغاندا «يەر

ئاستى ئانا دەريا»غا ئايلىنىمەن.

سۈرەتنى شىنجاڭ كۆكلەم مەدەنىيەت

تارقىتىش چەكلىك شىركىتى تەمىنلىگەن


《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼

邮 编：830002 电话：（0991）2856942

印 刷：《新疆日报》印务中心

发 行：乌鲁木齐市邮局

订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：6.00元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2014 - يىلى 3 - سان (ئومۇمىي 327 - سان)

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب

ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى)

باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 - نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى7. قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن